# مەشئەل كۆتۈرگەن كىشىلەر

(پوۋېست)

خالىدە ئىسرائىل




1857-يىلى ئەنگلىيە ئىشچىلىرى دۇنيا بويىچە تۇنجى پۇتبول كۇلۇبىنى قۇردى.

1863-يىلى ئەنگلىيىدىكى 11 پۇتبول كوماندىسى بىرلىشىپ تۇنجى پۇتبول جەمئىيىتى قۇردى،

ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلىگۈچى www.uyebook.com تورى

1870-يىلى ئەنگلىيە پۇتبول جەمئىيىتى ئەنگلىيە ھەم دۇنيا بويىچە تۇنجى پۇتبول مۇسابىقىسى -‹‹ يەڭگۈچى ›› پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيىدە پۇتبول ھەرىكىتى كەڭ قانات يېيىپ، ئاۋستىرىيە، ئاۋستىرالىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە، فرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە قاتارلىق ئەللەرگە تارقالدى.

1896-يىلى پۇتبول ھەرىكىتى خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بىر تۈرى قىلىپ قوشۇلدى.

1904-يىلى مايدا پارىژدا خەلقئارا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسى ‹‹FIFA›› قۇرۇلدى.

1928-يىلى خەلقئارا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسى 1930-يىلىدىن باشلاپ تۆت يىلدا بىر قېتىم دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى....

1870-يىللىرى ئەنگلىيىنىڭ مانچېستېر شەھىرىدىكى باغچە، مەيدانلاردا توپ تېپىپ يۈرگەن پىرىستان ئىشچىلىرى ئارىسىدا بىر ئۇيغۇر يىگىتمۇ بار ئىدى. بەستلىك، چاقىقان، ئىنتايىن زېرەك بۇ يىگىت يىغىلا ئۆگىنىۋالغان بىر نەچچە ئېغىز ئىنگلىزچە سۆزگە تايىنىپ بۇ يەردىكى ئىشچىلار بىلەن چىقىشىۋالغان ۋە پۇتبول ئويناشنى ناھايىتى ئوبدان ئۆگەنگەنىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: ‹‹ سەن قەيەرلىك؟ ›› دەپ سورىسا، ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

- مەن ئۇستۇنئاتۇشلۇق، ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئېكساق دېگەن يېرىدىن، - دەپ جاۋاب بېرەتتى. ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغان ئەنگلىيىلىكلەر دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۇستۇن ئاتۇش، ئېكساق دېگەن شەھەرلەرنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇشاتتى.

ئۇچاغلاردا ئۇستۇنئاتۇش قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق كىچىككىنە بازار ئىدى. ئۇنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ھەقىقەتەن تاپقىلى بولمايتتى.

بۇ يىگىت ئاشۇ ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئېكساق كەنتلىك ھاشىم بالىخان دېگەن يېتىم

ئوغۇل ئىدى.

ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قالغان ھاشىم بالىخان ھاممىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولىدى. ئۇ، ھاممىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن «قۇرئان» ساۋاتىنى چىقارغاندىن باشقا، كۆچەت ئۆلاقچىلىقىغا ئۇستا بولۇپ يېتىلدى. ئايىغى چاققان، پاكىز، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈشنى ياقتۇرىدىغان، ھەر قانداق ئىشنى ئىپىگە كەلتۈرۈپ قىلىدىغان ھاشىم بالىخانغا ھاممىسىلا ئەمەس، قۇلۇم ـ خوشنىلىرىمۇ ئامراق ئىدى. سۆزمەن ـ قىزىقچىلىقى، چىقىشقاقلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭ كۆرگەنلا ئىشنى قىلىپ باققۇسى كېلىدىغان ھەر دەم خىيال مىجەزىنىمۇ ئەيىبكە بۇيرىمايتتى. ئۇ ھەقتە سۆز ئىچىلسا بوۋايلار كۇلۇشۇپ: «ئوغۇل بالا شوخ بولسا، شوخ بولمىسا يوق بولسا»، دەپىتىكەن، ھاشىم بالىزە شوخ، كىلىشىملىك ئادەم بولدى، ئۇ ئاشۇ مىجەزى بىلەن ھەر قانداق يەرگە بارسا نىنىنى تېپىپ يېيەلەيدۇ» دېيىشەتتى.

ھاشىم بالىخان 17ـ18 ياش ۋاقىتلىرىدا ياشىنىپ قالغان ھاممىسى بىلەن ئىلىغا چىقىپ كەتتى. ھاممىسى ئىلىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كارۋانلارغا ئەگىشىپ ئەنجانغا، ئۇ يەردىن تۈركىيەگە باردى. ئىزمىردا مۇساپىرلىق ۋە يوقسۇزلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرگەن چاغلىرىدا زەرىف باي دەيدىغان كىشىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، خەلقئارا يۈك پاراخۇتىنىڭ ياردەمچى يۈك تىزىملىغۇچىسى بولىدى ۋە پاراخوت بىلەن ئەنگىلىيەنىڭ مانچېستېر شەھىرىگە بېرىپ ئۇ يەردە بىرىيل تۇرۇپ قالدى. ئىككىنچى يىلى تۈركىيەگە قايتىپ موينا(ياۋايى ھايۋان تېرىسى) ساتىدىغان بىر دۇكاندا ئىشلەپ بىر مەزگىل ئۆتكەندە، خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مال سېتىۋالغۇچىلارغا يول باشلاپ سىبىرىيەنىڭ بىر قىسىم جايىغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالمۇتا، رۇسىيىنىڭ شەمەي شەھەرلىرىگە، كېيىن يەنە قازانغا باردى.

قازان ئەينى دەۋردە غەرب ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئىقتىسادى تۈگۈن بولۇپلا

قالماي، مەدەنىيەت-مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، غەرب دۇنياسى بىلەن شەرق دۇنياسىغا تەۋە خىلمۇ-خىلدىن ۋە مەدەنىيەت ھادىسىللىرى، پىكىر ئېقىملىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ توقۇنۇشۇدىغان ھەم بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، گۈللەنگەن زامانىۋى شەھەر ئىدى. رىقابەت تۈسى قويۇق، قىزىقارلىق تەنتەربىيە تۈرى بولغان پۇتبول بۇ يەردىكى مەكتەپلەردە يىگىدىن قوبۇل قىلىنىۋاتاتتى.

ھاشىم بالىخان قازاندىكى بۇ يىگىلىقنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىسى ۋە قاتناشقۇچىسى بولدى. ئۇ بۇ يەردىكىلەرگە ئەنگلىيە ئويناش قائىدىللىرىنى ئۆگەتتى، مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى ۋە ناھايىتى تېزلا بۇ يەردىكى داڭلىق توپچىلاردىن بوپقالدى. شۇ مەزىلدە ئۇ سودا ئىشى بىلەن قازانغا كەلگەن بىر يۇرتلۇقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق باي-باھاۋۇدۇن ھاجى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلارياش- قۇرامى تەڭ، زېھنى كۈچى، پىكىر-ھەسياتى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىتلەر ئىدى، ئىككىسىلا يۇرتىنى، ئىكىساقنى قىزغىن سۆيەتتى، نامراتلىق، نادانلىق ئىلىكىدە ياشاۋاتقان يۇرتداش، قان-قېرىنداشلىرىنى، بۇلارنىڭ تەقدىرىنى كۆپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئوي- پىكرى كۆپىنچە بىر يەردىن چىقاتتى. ھاشىم بالىخان ئۇزاق يىل مۇساپىرلىق دەردىنى تارتىپ يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى، يۇرتتا كەتكۈسى بارلىقىنى، مۇشۇ يەردىكى بالىلارغا پۇتبول ئويناشنى ئۆگەتكەندەك، يۇرتىدىكى ئوشۇق ئويناپ يۈرگەن بالىلارغىمۇ پۇتبول ئويناشنى ئۆگەتكۈسى بارلىقىنى ئېيتقاندا، باۋۇدۇنباي كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇمۇ يۇرتىدىكى قاراڭغۇ مەدرىسىلەرنى ئىسلاھ قىلىش، ئوقوتۇش مەزمۇنىغا پەننى دەرسلەرنى كىرگۈزۈش، شارائىت يارىتىپ، بۇ يەردىكىدەك يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇش، تەن تەربىيەسىنى يولغا قويۇش قاتارلىق خېلىدىن بىرى ئوي - خىيالىنى چىرماپ، يۇرىكىدىن چىقماي كېلىۋاتقان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى سۆزلىدى. ئۇلار كۆپ قېتىم ئەنە شۇنداق سىردىشىپ، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشتى. باھاۋۇدۇنباي ھاشىم بالىخاننى يۇرتىغا قايتىدىغان كارۋانلار بىلەن يولغا

سالىدىغان چاغدا ئۈنىڭغا ئۈچ پۇتبول توپى بىلەن بىر ناسوس يوللۇق تۇتتى. بۇ توپلار پامىر تاغلىرى ئارىسىدىكى تىك- خەتەرلىك مۇز-داۋانلاردىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ ھاشىم بالىخان بىلەن بىللە ئىكىساققا يېتىپ كەلدى. تەۋەككۇلچىلىك روھىغا باي ئىكىساق دىھقانلىرى پۇتبولنى ياقتۇرۇپ قالدى.

1880-يىللاردا ئىكساقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۇتبول كوماندىسى بارلىققا كەلدى. ئۇلار دەسلەپتە تۆت ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئويناپتتى. ھاشىم بالىخان، تاياخۇن، نامانكام، خەلەمكام، نەسپاخۇن، سوپىكام، نۇدۇككام، نەبىكام قاتارلىق توپچىلار ئىكىساق پۇتبولچىلىق تارىخىنىڭ تۇنجى قۇرلىرىنى يازدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى، تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ پۇتبول ھەرىكىتى يېڭىلىق-تەرەققىياتنىڭ سىمۇلى سۈپىتىدە ئىكىساقلىقلارنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس بىرلىشىپ كەتتى.

1927-يىلىنىڭ ئاپرېل ئايلىرى. قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ نوبىشى دەرۋازىسىدىن ھېيتگاھقا قاراپ سوزۇلغان ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا ئەنگلىيىنىڭ كىچىك بايرىقى قادالغان تۆت چاقلىق ئىنگلىزچە پەيتۇن ئىرغاڭلاپ تېز كېتىۋاتاتتى. ئانچە كەڭ بولمىغان بۇ كوچىدا ئات-ئۇلاق ۋە يولۇچىلارنىڭ كۆپلىكىگە قارىماي ئۇچقانداق كېتىۋاتقان پەيتۇن ئالدىدىن پات - پاتلا دوڭغاقلاپ مېڭىپ ياشانغان بوۋايلار، ئىشتانسىز كىچىك بالىلار ياكى پەرەنجىلىك ئاياللار ھودۇقۇپ يۈگۈرۈپ ئۆتۈشەتتى. كوچىدىكى ئادەملەر چاڭ توزىتىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئالىيتە پەيتۇنغا ھەيرانلىق، قىزىقسىنىش، ئەيمىنىش ۋە نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە قارىشىپ قالاتتى.

تار كوچىدىن ئۆزۈن پەرەنجىگە يۆگەنگەن ياش، نازۇك بىر قىز يەرگە قارىغىنىچە ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەلدى. قارىغاندا ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك قىلاتتى، بولمىسا ئارقىسىدا كوچىنى بىر ئېلىپ تاراقلاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق پەيتۇننى بايقىغان بولاتتى. ئەمما ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمەيلا قالماستىن، پەرەنجىسىنىڭ گىرۋەكلىرىنى نازۇك

بارماقلىرىغا يۆگەپ تۇتقىنىچە يولنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. كىشىلەر ۋارقىرىشىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا قىز ئارقىسىغا قاراپ ئۇستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان يوغان ھارۋىنى، ئۆزىنىڭ يوغان قارا ئاتنىڭ ئېگىز پۇتلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئاشۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردە ئۇ كىمدۇر ئىزدىگەندەك كەينىگە قارىدى. ئۇنىڭ تاتارغان ئەمما تەڭداشسىز گۈزەل چىرايىنى، ئۈمىتسىزلىكتىن خىرەلەشكەن قارا كۆزلىرىنى كۆرگەنلەر «ۋاي ئىسىت!» دەپ قىلىشتى.

دەل شۇ پەيتتە مۆجىزىدەك بىر ئىش يۈز بەردى. نەدىندۇر بۇركۇتتەك ئېتىلىپ كەلگەن ياشقىنا بىر يىگىت قىزنى ئارقىسىدىن قۇچاقلىغىنىچە يولنىڭ چېتىگە قاراپ يۇمىلىدى. ئاتلار ھۆركۈپ، پەيتۇننى تاراقشىتىپ سۆرەپ كەتتى. ھەيران قالغان ھەم ھاياجانلانغان كىشىلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. بۇ كوچىدىكى كىشىلەر قىزنىڭ چوڭ بىر باينىڭ يالغۇز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار يىگىتنى «سەن كىم؟ قەيەرلىك سەن؟»، «سەن ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرغان بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟» دېگەندەك سوئاللارغا كۆمۈۋېتىشتى.

مەن بىر يولۇچى، ـ دېدى يىگىت ۋە كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ سۇئالىنى جاۋابسىز قويۇپ يولىغا راۋان بولدى. قىز بولسا ئالىقاچان بايا چىققان تار كوچىغا قېچىپ كىرىپ كەتكەنىدى.

پەيتۇندا ئولتۇرغان ئەنگلىيە كولسۇلىنىڭ خانىمىمۇ بۇ كۆرنۈشتىن ھاياجانلانغانىدى. بولۇپمۇ يىگىتنىڭ چەبدەسلىكى ئۇنىڭغا ياراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوقتەك كېلىپ قىزنى قۇچاقلاپ يۇمۇلىغان ھالىتى خانىمغا ئەنگلىيەدە پات-پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى، داڭلىق پۇتبولچىلارنىڭ چەبدەسلىك بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ توپنى ئېلىپ مېڭىشلىرىنى ئەسلەتتى. بۇ ئەنگلىيەدە ئەمەس، بۇ يەردە پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ بىر خەتەرلىك ھادىسە، بايىلا بۇيەردە ياش بىر قىز ھاياتىدىن

ئايرىلغىلى تاس قالدى. شۇنداق چىرايلىق بىر قىز....

گېللىئان خانىم خونزارلىق پەيتۇنكەشكە نارازىلىق ئارىلاشقان ئەندىشە ئىچىدە قاراپ قويدى. قارا چاچ تېرىسى سارغۇچ قارامتۇل كەلگەن، ياڭاق سۆڭەكلىرى بورتۇپ چىققان تۇرىدىغان 30 نەچچە ياشلاردىكى بۇ ئادەم تىپىك ئاسىيالىق ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئاسىيالىقلارنى، بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەرنى پەس كۆرەتتى. پەيتۇننى ئۇچقاندەك تېز ھەيدەپ، بۇ غەلىتە ھارۋىغا ھاڭۋاقىقىنىچە قاراپ قىلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئىلىشنى ئۇنۇتقان كىشىلەرنى بولۇپمۇ سەھرالىقلارنى « چۆچۈتۈپ » قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ، قورقۇنچتىن ئالاق ـ جالاق بوپكەتكەن كىشىلەرنىڭ يېنىدىن تېز سۈرئەتتە، سۈركىشىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كېتەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ماھارىتىدى سۆيۈنۈپ نەچچە كۈنگىچە كۆرەڭلەپ يۈرەتتى. ئەمما بۇ سىناق داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇۋەرمەيتتى. بىر قېتىم ئېشەكلىك بىر بوۋاي ئېشىكى بىلەن پەيتۇن تېگىدە قالدى. يەنە بىر قېتىم بالا كۆتىرىۋالغان بىر ئايال يىقىلىپ، بالىسى نەچچە مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشكەندى. ھەر قېتىم ھادىسىگە ئۇچرىغۇچىنىڭ تۇغقانلىرى بۇ ئىشنى خۇدادىن كۆرۈپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك سەۋر ـ تاقەتچانلىقنى ئىپادىلەيتتى. ھەتتا كونسۇل گېللىئان ئەپەندى ھال سوراش يۈزىسىدىن بەرگەن پۇللارنىڭمۇ قايسى بەگ، قايسى قازىنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەيتتى. گېللىئان خانىم قىزىل جىيەكلىك فورما كىيىپ، پەيتۇندا گىدىيىپ ئولتۇرىدىغان پەيتۇنكەشنىڭ مۇنداق ئىشلىرىدىن نارازى ئىدى. ئۇنىڭ پەيتۇننى پاكىز تۇتىدىغانلىقى، ئاتلارغا ياخشى قارايدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئىشتىن بوشىتىۋېتىشكە قىيمىغانىدى. شۇڭا داۋاملىق ئۇنىڭغا پەيتۇننى ئېھتىيات بىلەن ھەيدەشنى جېكىلەپ تۇراتتى: ـ بۇلارمۇ ئادەمغۇ، تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقى، تېرىكچىلىك شارائىتىنىڭ ناچارلىقى بۇ ئادەملەرنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولسىڭىز بۇلاردا بىر خىل ئېسىل سۈپەت بار. ئاۋۇ ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينىڭ

سالاپىتىگە قاراڭ، ئۇنىڭ پېشانىسى خۇددى سوقراتنىڭكىگە ئوخشايدىكەن ..... ئاۋۇ ئىشەكتە تۇرغان ئايالنى كۆردىڭىزمۇ. لوندۇندا بولىدىغان بولسا چوقۇم داڭلىق گۈزەللەردىن ھېسابلانغان بولاتتى. باللىرىنى دېمەيسىز، نېمىدېگەن سۆيۈملۈك، نېمىدېگەن چېچەن ـ ھە. مەن ئۇيغۇر باللىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن......

خانىم شۇنداق سۆزلەپ كېتەتتى. ئوچۇق زەڭگەر كۆزلىرىنى سىرتقا تىكىپ، «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنى ئەسلىتىدىغان بۇ ئاجايىپ يۇرت ۋە ئۇنىڭدا ياشايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا تىنىماي مۇلاھىزە قىلاتتى.

پەيتۇن قەشقەرنىڭ ئۇڭغۇل ـ دوڭغۇل كوچىللىرىدا بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئەنجان رەستىسى تەرەپتىكى بۇرجىكىگە كېلىپ توختىدى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدان ھەر قاچانقىدەك يېمەك ـ ئىچمەك، يەل ـ يېمىش، كىيىم ـ كېچەك ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر، خېرىدارلار، ئىش كۈتۈپ تۇرۇشقان ھامماللار ـ مەدىكارلار، چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ جېمى جاھاننىڭ پارىڭىنى سوقىدىغان بىكارچىلار، ساپايى چېلىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەرلەر بىلەن تولغانىدى. جامەنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز تېرەكلەرنىڭ سايىسى چۆچۈپ تۇرىدىغان سۇپىلاردا يوغان سەللىلىك، ئاپئاق ساقاللىق مولللار قاتار ئولتۇرۇشۇپ قىزىق سۆھبەتكە چۈشكەنىدى. دوپپىلىق، تۇماقلىق، بەقەسەم ياكى چەكمەن تون كىيىپ بەللىرىنى باغلىغان ئەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ، ئۇزۇن پەرىجە كىيىپ، يۈزىنى ياپقان، باللىرىنى ئەگەشتۈرىۋالغان ئاياللار ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لىق گىردە تۈلدۈرۈلغان يۇمىلاق، يوغان تەۋەڭنى بېشىغا ئېلىپ ئۇستا سېرىكىچىدەك مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدا خىرامان ئايلىنىپ يۈرگەن شاگىرت بالا، ھېلىلا بازاردىن سېتىۋالغان قىزىل خورىزنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان تاغلىق دېھقان ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. قاما تۇماق، تاۋار تون كىيگەن چىرايى پارقىراپ تۇرىدىغان، كەينىدە چاپارمەنلىرى ئەگىشىپ يۈرگەن بايۋەچچىلەر ئالامان

ئىچىدە سوقۇشقاق خورازلاردەك گىدىيىشىپ يۈرىشەتتى. ھېيتگاھنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭ يولدىن ئېسىل ئاتلار قوشۇلغان ياسىداق مەپىلەر قۇڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. كاتتىراق بىرەر مەپە ئۆتكەن چاغدا، بىكارچىلاردىن بىرەرسى: كۆردۈڭلارمۇ پالانچى ھاجىمنىڭ ياكى پالانچى بەگنىڭ مەپىسى دەيتتى. قالغانلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ تاكى مەپىنىڭ قارىسى يىتكىچە قارىشاتتى. ئارقىدىن تىلىنى چاكىلدىتىپ ئاتنى ياكى مەپىنىڭ بېزەكلىرىنى بىر ھازا ماختىشاتتى. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ مەپىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلىشىپ كۆڭلىنى خوش قىلىشاتتى. ئەجنەبىيچە پەيتۇن ئەلۋەتتە بۇ يەردە ھەممىدىن زور قىزىقىش قوزغىدى. بىردەمدە پەيتۇن ئەتراپىدا بىر مۇنچە بىكار تەلەپ بىلەن تىلەمچى پەيدا بولدى. پاكار، دوغىلاق، قىزىل يۈزلۈك قاسساپ ئۆزىدىن گۆش ئالىدىغان پەيتۇنكەشنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى ۋە تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭغا شەرت ئارىلاش بىر نەرسىلەرنى دېگىلى تۇردى. چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئەر كىشىلەر باشلىرىنى ئېگىپ پەيتۇن ئىچىدە ئولتۇرغان ياش خانىمغا قىزىقىپ قارىشاتتى ۋە كۇلۇشۇپ بىر-بىرىگە بىر نەرسىلەرنى دەيتتى. بەزىللىرى پەيتۇننىڭ ئۇ يەر، بۇ يىرىنى تۇتۇپ سىلاپ بىقىشاتتى. خانىم ئەنگىلىيىدىن يىڭى كەلگەندە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۇلۇشكىنىنى كۆرۈپ ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى بىلمىدىغان كاتىپتىن: «ئۇلار نىمە دەيدۇ؟» دەپ سورىغىنىدا كاتىپ ئۇنىڭغا: «كەچۈرسىز خانىم، ئۇلار سىزنى مايمۇنغا ئوخشايدىكەن دەۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

پەيتۇنكەش قاپىقىنى تۈرۈپ ئەتراپتىكىلەرنى قوغلاشقا باشلىدى. دىمىسىمۇ بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ چېۋەر ئوغرىلار بار ئىدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا پەيتۇندىن قولىغا چىققان نەرسىنى ئوغرىلاپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئادەمنى قارىتىپ تۇرۇپ ئاشۇ نەرسىلەرنى قانداقلارچە شۇنچە تېز ئوغرىلاپ كەتكىنىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

كوچا ئاغزىدىن تىقىلىشىپ تۇرغان بىر نەچچە مەپە جايىدىن قوزغىلىپ ئەنجان

رەستىسىگە ئۆتىدىغان يول ئىچىلدى، پەيتۇنكەش ئەتراپتىكىلەرنى «ھارامتاماق ئوغرىلار، يالقاۋلار» دەپ تىللاپ، پەيتۇننى ئەنجان رەستىسىگە ھەيدىدى. ئەنجان رەستىسى قەشقەردىكى كەڭرەك، رەتلىكرەك كوچىلاردىن بىرى ئىدى. كوچا ئۈستى ياغاچ، بورىلار ياكى ئىككى ياقتىكى ئۆيلەرگە ئارتىلدۇرۇپ سېلىنغان بالىخانا ئۆيلەر بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى كوچىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىككى يېنىدا ئۆزبېك، ھىندى ۋە يەرلىك باي سودىگەرلەر، جازانىخورلارنىڭ ئىككى قەۋەتلىك خىش ئۆيلىرى ۋە دۇكانلىرى، بىر ـ بىرىگە ئۇلۇشۇپ كەتكەن زەرگەر بازىرى بار ئىدى. بۇ دۇكانلاردا چەت ئەللەرنىڭ ئېسىل رەخت، موينا، كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن تارتىپ ئىران گىلەملىرى، خاڭجۇ ۋە خوتەننىڭ يىپەك رەخت، ئەتلەسلىرى ساتىلاتتى. يەرلىك زەرگەرلەر ياسىغان ئالتۇن ـ كۆمۈش، زىبۇ ـ زىننەتلىرىمۇ خىلى سېپتا ئىدى. گىلىلېئان خانىم پەيتۇننى بازارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر تار كوچىنىڭ ئاغزىغا توختاتتى. ئاشۇ تار كوچىدا خىلى چوڭ بىر يىپەك مال دۇككىنى بار ئىدى. دۇككان خوجايىنى ئەزەلدىن چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلىپ كەلگەن ئوقۇمۇشلۇق يەرلىك سودىگەر ئىدى. دوقمۇشتا قىزىل سىرلانغان ئىگىز چاقلىق، ئىشىكىگە چىلتەكلىك تاۋار پەردە تۇتۇلغان مەپە توختىدى.

مەپە ئالدىدا قوراللىق ئىككى ئەسكەر تۇراتتى. سەل نېرىدا يەرلىك كىشىلەردىن بىر توپ ياش ئەر بىلەن ئۇششاق باللار تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى. تار كوچىغا پىيادە كىرمەكچى بولۇپ تۇرغان خانىم، ئەسكەرلەرنىڭ رەتلىك قەدەم تىۋىشى، ئوفىتسېرلارنىڭ بۇيرۇق ئاۋازى، مىلتىقنىڭ شاراق ـ شۇرۇق قىلغىنىنى ئاڭلاپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. تار كوچىدىن يەتتە ـ سەككىز ئەسكەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ مەپىنىڭ ئەتراپىدا ئىككى قاتار بولۇپ ھۆرمەتتە تۇردى. ئارقىدىنلا بىر نەچچە ياش ئوفىتسېرنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزىل، ھاۋارەڭ كۆكلەك، زەرلىك تاۋار كەمزۇل، كىچىك پۇتلىرىغا گۈل بېسىلغان خەي كىيگەن ئالتۇن ـكۆمۈش، قاشتېشى زىبۇ ـزىننەتلىرىنى بولۇشىغا تاقاپ، قىنىق گىرىم قىلغان ئىككى ياش خىنىم ئەركىلەپ،

تولغانغىنىچە چىقىپ كەلدى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئەرلەر بىلەن ئۇششاق بالىلارنى كۆرۈپلا يۈپۈرلۈپ كەلدى. ئەرلەرنىڭ چىرايىدا ئاشكارا بىر ھەۋەس، ئىچىرقاش ئىپادىلىنەتتى. بولۇپمۇ تويىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان كىيىملىرى جۇل - جۇل، يۈز كۆزىنى قاسماق باسقان گومۇش چىراي بىر ئەر ياش خىنىملارغا قاراپ ھىڭگىيىپ كۈلۈۋىدى، قىلىن لەۋلىرىنىڭ بۇرجىگىدىن سىرغىغان شۆلگىيى يىپتەك ئۇزۇن سوزۇلۇپ، كىردىن پارقىراپ كەتكەن تونىنىڭ ياقىسىغا ئېقىشقا باشلىدى. ئەركە- نايناق خېنىملاردىن بىرى ئۇنى كۆرۈپ:

-ئەييۇ، جىگي، سىڭكۇ! ئېشىن سىلى.- دىيىشىگە، ئوفىتسىرلار بىلەن ئەسكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ھېلىقى گومۇشنى يەرگە يىقىتىپ مۇشتلاپ دەسسەپ كېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن پۇخادىن چىقماي ئەتراپتا تۇرغانلاردىن ئۈچ - تۆتنى تارتىپ ئەكېلىپ مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇرۇپ باش كۆزىنى قانغا بويىدى............

بۇ ۋەقە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۈز بەردى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئىككى خىنىمنى يۆلەپ مەپىگە چىقىرىپ، مەپىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، بىردەمدە كۆزدىن غايىپ بولدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ھېلىقى گومۇش تىخىچە يەردە ئىڭراپ ياتاتتى تاياق يېگەن بىر نەچچىسى دەلدەڭشىگىنىچە ‹‹ ۋايجان - ۋايىيەي ›› دەپ نالە قىلىشاتتى. دۇككان خوجايىنلىرى، خېرىدارلار، بايىقى بىر توپ تاماشە كۆرگۈچى بۇ يەردە ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك بىر خىل سوغۇق ئىپادىدە قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ سوغۇقلۇق نېمىشقىدۇر ئادەمنىڭ تىنىنى شۈركۈندۈرەتتى......

گىللىپئان خانىم بىردىنلا كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن مال سېتىۋالغۇسى كەلمىدى. بۇ كوچىدىن، بۇ كوچىدىكى، بۇ شەھەردىكى ئادەملەردىن رايى يانغانىدى.

چىنباغ - ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى جايلاشقان باغلىق قورۇنىڭ نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىسىم قويۇشقا ماھىر قەشقەرلىكلەر بۇ باغنىڭ پەلەمپەيسىمان يەر

شەكلىنى ۋە جانا چىنىدەك چىرايلىق كۆركەملىكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن چىنباغ دەپ ئاتىغانىكەن.

چىنباغ ھەقىقەتەن گۈزەل بىر جاي. بۈككىدە دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىغا جايلاشقان ئېگىز پاسوندىكى ئىمارەتلەر ۋە راۋاق شەھەر سىپىلىغا ياندىشىپ پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىگە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى چەكسىز ئېتىز ـ باغلارغا، ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن دەريا ـ ئېقىنلارغا يىراقتا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پامىر تاغلىرىغا نەزەر سىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ جاھاننىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىن قەشقەرگە كەلگۈچىلەر ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سۈت ئۇيۇقۇسىدا ياتقان بۇ قەدىمكى شەھەردىكى زامانىۋى مەدىنىيەتكە، بۇ شەھەرنى يىراقتا تاشلاپ كېتىۋاتقان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك كەڭ دۇنياغا ۋە تەرەققىياتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىچىككىنە ئارال، چۆل ـ جەزىرىدىكى خىيالى جەننەت ھېسابلىناتتى.

پەيتۇن ئەنگلىيىنىڭ قالقان شەكىللىك دۆلەت گېربى قادالغان كونسۇلخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەندە سوكنۇدىن فورما كىيگەن، قىزىل سەللىلىك، بومبۇر ساقاللىق ئىككى ھىندى ئەسكەر تىك تۇرۇپ كونسۇل خانىمغا سالام بەردى.

دەرۋازا ئىچىدىكى توپ مەيداندا ياللانما خادىملار بىلەن پۇتبول ئويناۋاتقان ياش ياردەمچى كونسۇل جورج. شىرىف ئەپەندى خانىمغا يىراقتىن ئېھتىرام بىلدۈردى. پەيتۇن يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى رەتلىك سىلىنغان ياللانما خىزمەتچىلەر ئۆيى، ھىندىستان ئەمەلدارلىرىنىڭ، كونسۇلخانا دوختۇرىنىڭ ئۆيىدىن ئۆتۈپ دۆڭدىكى ئىچكىرىكى قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. پەيتۇنكەش ئاۋۋال سەكرەپ چۈشۈپ پەيتۇننىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ خانىمنىڭ پەيتۇندىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى. گىللېئان خانىم دەرەخلەر ئارىسىدىكى بالكونلۇق، يوغان دىرىزىللىرى كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ تۇرغان　كونسۇلخانا بىناسىغا نەزەر سالغىنىدا ھەر قاچانقىدەك كۆڭلىدە مەمنۇنلۇق ۋە قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ، پەي قىستۇرۇلغان شىلەپىسىنى قولىغا ئىلىپ ئاق تور پەلىيىنى يەشكەچ كەڭ پەلەمپەيگە

چىقتى. قولىدىكى نەرسىلەرنى ئىشكنى ئىچىپ بەرگەن ھىندىستانلىق خىزمەتكارغا بېرىپ:

-ئەپەندىم ئۆيدە بارمۇ؟ دەپ سورىدى.

-ئەپەندىم ھازىرلا ئاتلىق چىقىپ كەتكەنىدى،- دېدى خىزمەتكار ھۆرمەت بىلەن. ئۇ، خىزمەتكارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك تاملىرىغا ھايۋان مۈڭگۈزلىرى ۋە باش سۆڭەكلىرى چوڭقايتىلغان سۇرەتلىرى ئېسىلغان قوبۇلخانىنى، تورۇسى ئېگىز، تېپتىنىچ، سۇرلۇك ئىشخانىلارنى، ئىككىنچى قەۋەتتىكى چىرايلىق بېزەلگەن، ئوتتۇرىسىغا بىلىيارت شىرەسى، پاتىفۇن، تام بويلاپ ئېگىز ئەينەكلىك كىتاب ئىشكاپلىرى قويۇلغان چوڭ ئۆينى ئارىلىدى. ئۇ شۇ تاپتا گىللېپىئان ئەپەندىنى بۇ يەردە كۆرۈشنى، بۇگۈن بازاردا كۆرگەنلىرىنى، كالىلىسىدىكى خىلمۇ -خىل ئوي -پىكرىنى ئېيتىپ بېرىشنى، ئۇنىڭ تەسەللى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدىكى غەشلىكلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشنى شۇ قەدەر خالايتتى- ھە. ھەر قاچان، ھەر قانداق ئىشتا بۇيۇك بىرتانىيە ئىمىرىيەسىنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن پىكىر يۈرگۈزىدىغان گىللېپىئان ئەپەندى ھەددىدىن ئارتۇق ھىسىياتچان خانىمنى بىر نەچچە ئېغىز ماختاپ ئۇچۇرۇپ ۋە يىنىككىنە تەنبىھ بىلەنلا پەسكويغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. خانىممۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولاتتى ۋە ئۇنىڭدىن تەسەللى تاپاتتى.

ئۇ كىتاب ئىشكابىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كىتابلارنىڭ يۇقىرىسىغا چاپلانغان «ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت قىممەتلىك ھۆججەتلەر ۋە ئەسەرلەر»، «ئوۋچىلىق قامۇسى»، «رازۋېدكا رومانلىرى» دەپ يېزىلغاي كىچىك باغاقچىلارغا بىر دەم قاراپ تۇردى. ئارقىدىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ كىچىك شىرەدىكى پاتىفۇن پىلاستىنلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. نېمىدېگەن قىزىق - ھە! قەشقەرلىكلەر پاتىفۇننى «شەيتان نەغمىسى» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئۇ پاتىفۇننى ئىچىپ كونا بىر پلاستىنكىنى قويدى، ئۇ موزارتنىڭ مۇزىكىسى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە - قەشقەردە موزارتنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلاش تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى.

ئۇ تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا مۇھەببەت كۈيلەنگەن يېقىملىق مۇزىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ نېمىشقىدۇر نوبىشى كوچىسىدىكى ھېكىقى كىچىككىنە قىستۇرمىنى ـ نازۇك، لاتاپەتلىك، گۈزەل قىز بىلەن ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان بۇركۇتتەك چەبدەس يىگىتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ يىگىت شۇ تاپتا قەشقەردىن ئاتۇشقا قاراپ سوزۇلغان يولدا چاپىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ تىز قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ، يۇمىلاقراق كەلگەن يۈزىگە يارىشىپ، ئەقىل ۋە ھېسسىيات بايلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىك يوغان قارا كۆزلىرىگە چوڭقۇر خىيال ۋە مۇڭ چۆككەن، يۈرىكى ھاياجانغا تولغانىدى. سېھىرلەنگەندەك ئالدىدىكى نامەلۇم بوشلۇققا تىكىلگەن كۆزلىرى گويا قاندۇقتۇر خىيالى بىر ئىشنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ياكى كىم بىلەندۇر سۆزلىشىۋاتقاندەك گاھ غەزەپتىن ئوتتەك چاقناپ كەتسە، گاھ مۇھەببەتتىن مۇلايىم، خۇمارلىق جىلۋىلىنەتتى. ۋۇلىرى نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتقاندەك بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى .... ئەجەب بىر ئىش بولدى ـ ھە. خۇددى بىرسى ئىتتىك بول دېگەندەك پىشىمدىن تارتقاندەك يۈگۈرۈپ كەلگەنىدىم. بىر قەدەم كىچىككەن بولسامزە .... كارامەتلىك خۇدا ئىككىمىزنىڭ دىلىغا بۇ ئوتنى ئۆزۈڭ سالغان بۇگۈن بۇ يەردە مېنى بىر سىنىماقچى بولغانمىدىڭ؟ سىنىقىڭدىن ئۆتكەن بولسام ئىشىمنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن، يېتىم بەندەڭنى مۇرادىمغا يەتكۈزگەيسەن، ئاھ، خۇدا!

ئۇ بۈگۈن قەشقەرگە ئاشۇ قىزنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كەلمىگەنمىدى، ئۇنىڭ كوچىسىنى ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى نەچچە ئايلانمىغانمىدى. ئاخىر قىزنى كۆرۈش ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ھېيتگاھنى بىر پەس ئايلىنىپ قايتىپ كەتمەكچى بولدى. ئاشۇ چاغدا كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك، بىر نەرسە ئۇنى ئاشۇ مەھەللە تەرەپكە تارتقاندەك بولدى. ئۇ ئاشۇ يۈگۈرەك پۇتلىرىغا تايىنىپ قىزنى ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىۋالدى. ئۇ قىز ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىدى.

ئۇ قىزنىڭ يۇمران تېنىنىڭ ھاراردتىنى، قاتتىق ھاسراپ، ئوق تەككەن كىيىكتەك تىپىرلاشلىرىنى سەزگىنىدە بىردىنلا قاتتىق ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. قىز ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى- دە تېزلىكتە ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۆيى بار تار كوچىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ، قىزنىڭ قىزارغان يۈزىنى، ھاسىراشتىن نازۇك گەۋدىسىنىڭ تىترەشلىرىنى، كۆزلىرىدىكى ۋەھىمە ۋە ھاياجاننى، ئۇياتچانلىقنى شۇنچە يېقىندىن كۆردى. ئۇنىڭ ئاشۇ لەپپىدە بىر قاراپ قويۇشى ئۇنىڭ يۈرىكىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتتى. ئۇ ھېسابسىز مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراش ئىدى. ئۇنى تىل تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئاشىق يۈرىكى ئارقىلىق سېزىۋالاتتى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى بېخىل پۇل پارچىلىغاندەك قىزنىڭ ئاشۇ قارىشىنى ئۆز خىيالىدا پارچىلاپ ئۇنىڭ ھەر بىر بۆلىكىدىن ئۆزگىچە زوق - لەززەت ئالاتتى. بۇ زوق ۋە لەززەت تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە ئايلىنىپ ئۇنى قانائەتلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ خوشلۇقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي، كۆز ئالدىدىكى يېشىل دالىنى، يەر ۋە ئاسماننى قۇچاقلىماقچىدەك قوللىرىنى كىرىپ شامالغا قارشى يۈگۈرۈپ كېتەتتى. ئەگرى - توقاي يوللار، ئېگىز - پەس سارغۇچ دۆڭلەر، كۆكىرىشكە باشلىغان ئوت - چۆپ چاتقاللار، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۈرەتتەك رەڭدار تاغلار ھەزرەت، ئاۋات بەشكىرەمنىڭ باغلىرى ئۇنىڭ ئۇچقۇر تاپانلىرى ئاستىدىن يىراقلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ تاغ باغرىنى بويلاپ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يۇرت - مەھەللىرى ئىچىدە كېتىپ باراتتى. ئەنە ھەمراھ باينىڭ خۇۋەينى ئۇرۇكلۇك باغلىرىمۇ كۆرۈندى. بىر چاغلاردا بۇ باغنىڭ ئېگىز ئەنجان تاملىرى ئۇستىدىن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ زىل ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىلىرى ئاڭلىناتتى. قىز قەشقەرگە كەتكەندىن بىرى بۇ چوڭ باغ ئۇنىڭ كۆزىگە چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بولدى.

يىراقتىن ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم مازىرىنىڭ ئېگىز مۇنارى كۆرۈنگەندە ئۇ قەدىمىنى

تىزلەتتى. ھەببىب ئەجەم مازىرى يېنىدىكى ئاددىي قەبرىدە ئاجايىپ بىر ئادەم مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، ياق، ئۇنىڭ جىسمى ئۆلگەن بىلەن روھى ھاياتتۇر، ئوغۇللىرى قىلىۋاتقان خاسىيەتلىك ئىشلارنى ئاشۇ روھ ئۇلارنىڭ دىلىغا سىڭىپ تۇرىدىغاندۇ......

مازارغا يانداپ سېلىنغان بىر كورپۇس ئاپئاق بىنا، قاپقاقلىرى ھاۋارەڭ سىرلانغان چوڭ دېرىزىلىك سىنىپلار، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، يىغىدىن سېلىنغان ئوقۇتقۇچىلار ياتاقلىرى، تاش مۇنچا، تىياتىرخانا، كەڭ كەتكەن توپ مەيدانى ...... مانا بۇئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى مازارلار بىلەن تولغان بىر سەھرادا يۇز بەرگەن مۆجىزە ـ «ھۆسەيىنىيە» مەكتىپى ئىدى. ئىللىق چىرايىدىن سەبىلىك، ئاق نىيەت پارلاپ تۇرغان بۇ يىگىت بولسا مۇشۇ مەكتەپنىڭ بالا ئەپەندىسى ئىدى.

قىز بىلەن يىگىت ئەسلىدە بىر مەھەللىدە ـ ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان باللار ئىدى. ئوغۇلنىڭ ئىسمى كىرەم بولۇپ كىشىلەر ئۇنى دادىسى كىچىكئاخۇننىڭ ئىسمىنى قوشۇپ كىرەم كىچىك دەپ چاقىرىشاتتى، قىزنىڭ ئىسمى مەرىگۈل ئىدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا مەھەللىنىڭ ئىرىق ـ ئۆستەڭلىرىدە چۆمۈلۈپ، لاي ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇلار باراۋەر ئىدى. كىرەم مەرىگۈللەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى ئوينىغىلى چاقىرىپ چىقاتتى ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ جەننەتتەك باغ ئىچىدە ئەتىدىن۔ كەچكىچە بىللە ئويناپتى. ئۇلا ئاستا۔ئاستا چوڭ بولدى. مەرىگۈلمۇ باشقا قىز باللاردەك ئۆيىدىن تالاغا چىقمايدىغان، ئۇلار كۆرۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. مەرىگۈلنىڭ دادىسى پات۔ پات تاغ ئارقىسىغا سودا قىلغىلى بېرىپ تۇرىدىغان چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭ قەشقەردىمۇ كاتتا دۇكانلىرى، ئۆيلىرى بار ئىدى. كىرەمنىڭ دادىسى كىچىك ئاخۇن بولسا كىرەم قورساقتىكى چاغدا كارۋانلارغا ئەگىشىپ ئەنجان تەرەپلەرگە چىقىپ كەتكىنىچە خەت۔خەۋرى بولمىغان ئىدى. ئانا۔بالا ئىككىسى مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى كىچىك بىر ھويلىدا يالغۇز ياشايتتى. كىرەم ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئانىسىغا ياردەملىشىشكە

باشلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىنن بىر-ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاڭگالدا كىرەمنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيى بار ئىدى. ئانىسى ھەركۈنى ئاشنى تاۋاقا ئۇسۇپ داستىخانغا چىلى چىگىپ:« ئوبدان بالام، يۈگۈرۈپ ماۋۇ ئاشنى چوڭ ئاناڭغا ئاپىرىپ بەر. ئاش سوۋۇپ كەتسە چوڭ ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئالالماي قالىسەن، يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كەل!» دەيتتى. قولىقى يۇمشاق كىرەم ئاشنى ئىسسىق پېتى ئېلىپ بارىمەن دەپ پىلدىرلاپ يۈگۈرۈپ ماڭاتتى. چوڭ ئانىسى ئىسسىق ئاشنى ئىچىپ ئۇنىڭغا ۋە ئانىسىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ بولۇپ « تاتلىق نەۋرەم، قارا كۆز نەۋرەم» دەپ ئەركىلىتەتتى. قولغا قۇيماقتەك ساپسېرىق، شېرىن قاقلارنى تۇتقۇزۇپ:«بىچارە ئاناڭ ئەنسىرەپ قالمىسۇن، يۈگۈرۈپ-يۈگۈرۈپ ئۆيۈڭگە كەتكىن، بىر كىملەر ئېتىڭنى چاقىرسا ئالدى-كەينىڭگە قارىمىغىن›› دەپ تاپىلايتتى. كىرەم ئانىسىنىڭ چۆچەكلىرىدىكى دەرەخ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرىۋالىدىغان، مەھەللىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئېتىنى بىلىدىغان جىنلارنىڭ ئۆزنى تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئالدى-كەينىگە قارىماي ئۇدۇل ئۆي تەرەپكە چاپاتتى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى مۇسا ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى ئاچقان« ھۇسەيىنىيە» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۇنى يېتىلەپ ئىسسىق مۇنچىغا ئەكىرىپ يۇيۇندۇرغىنى، سارغۇچ ماتادا تىكىلگەن مەكتەپ فورمىسىنى كىيدۈرۈپ قويغىنى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايدۇ. ئۇ، مەكتەپ ھاياتىغا تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ يۈگۈرۈك، چەبدەسلىكى بىلەن تۇرلۇك تەنتەربىيە پائالىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندى. مەكتەپ مۇدىرى تۇرسۇن ئەپەندى تۈركىيىنىڭ داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئون يىللاپ ئوقۇپ كەلگەن ئالىي مەلۇماتلىق، بىر نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشى ئىدى. ئۇ يەنە چېنىققان تەنتەربىيىچى، ئۇستا توپچى ئىدى. بىر قېتىم كېرەم كىچىك 100مېتىرغا يۈگۈرۈشتە بىرىنچىلىكنى ئالغاندا، شۇ ئەپەندىم ئۇنىڭ باش-كۆزىنى سىلاپ «بارىكاللا ئوغلۇم، ئاتاڭغا رەھمەت، خۇدا خالىسا مۇشۇ

يۈگۈرۈك پۈتلىرىڭ بىلەن ھەممەمۇراد-مەقسىتىڭگە يېتىسەن» دەپ پېشانىسىدىن سۆيگەنىدى. ئۇ سەل چوڭ بولغاندا تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ مەكتەپ پۇتپول كوماندىسىدىكىلەرگە؛ «مانا بۇ يىگىت ئۇزاقتا بارمايلا ناھايىتى ياخشى بىر ھۇجۇمچى بوپقالىدۇ»دەپ تونۇشتۇردى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەس-يادى پۇتپولغا باغلاندى. ئۇ، «كېرەم توپچى »دېگەن نامغا ئاشۇ مۇشتەك ۋاقىتلىرىدىلا ئېرىشتى. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ قەدىرلىك، شۇنداقلا كۆزيەتكۈسىز ئۇلۇغ ئادەم ئىدى.

ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئانىسى نامازغا قوپقاندا كېرەم كىچىككىمۇ تەڭلا ئورنىدىن تۇراتتى. ئالدىراپ ناشتا قىلىۋېلىپلا مەكتەپكە يۈگرەيتتى. ئۇ ئەمدى جىنىدىن قورقمايدىغان بوپ قالغان ئىدى. مەكتەپكە بالدۇرراق بېرىش ئۈچۈن باغلارنىڭ شورلىرىدىن ئۆمىلەپ كىرەتتى. قاشالاردىن ئاتلاپ، ئۆستەڭلەرنى كېچەتتى. بەزىدە ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن يوغان بۆرە ئىتلار چىقىپ ئۇنى قوغلاپ كېتەتتى. تاپانلىرى يەرگە تېگەر-تەگمەي دېگۈدەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان كېرەمنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قوغلاپ بېقىپ، ئۈمىدسىزلەنگەندەك توختاپ قېلىشاتتى. تاڭ نۇرى ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم ئاسمان-پەلەك پەشتىقىنى، پەشتاق يېنىدىكى ئاپئاق ئاقارتىلغان سىنىپلارنى، توپ مەيدانىنى، مەكتەپ ۋە مەيدان ئەتراپىدىكى قويۇق تېرەكلەرنى غۇۋا يورۇتۇشقا باشلىغاندا ئۇ مەكتەپكە يېتىپ كېلەتتى. ئۇ ھەرقانچە بالدۇر كەلسىمۇ مەيداندا ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندىنى كۆرەتتى. ئاق كۆڭلەك كىيگەن، ئوتتۇرا بويى، خۇشپىچىم كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنى كۆرۈپ:

— تىنچ قوپۇپسەنمۇ ئوغلۇم؟ — دەپ سورايتتى.

— تىنچ قوپتۇم، ئەپەندىم، سىزمۇ تىنچ قوپۇپسىزمۇ؟— دەپ سورايتتى كېرەم كىچىك بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنىڭ جاۋابىغا مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ كېتەتتى. كېرەم يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرەخكە ئېسىپ قويۇلغان توپ خالتىسىدىن توپنى ئېلىپ كېلەتتى. بۇ، تۇرسۇن ئەپەندى ئۆزى قەشقەردىكى موزدۇزلارغا بۇيرۇتۇپ تىككۈزگەن سارغۇچ تېرە توپ

ئىدى. خالتىدا يەنە توپچى باللارنىڭ ئانىلىرى كونا تۇماق، بۆكلەرنىڭ ئىچىگە سامان، زىغىر پاخلى سېلىپ تىكىپ بەرگەن توپلارمۇ بار ئىدى. ئادەتتە توپ ئويناپدىغان ھەرقانداق بالىنىڭ چەكمەن چاپان تىكىدىغان قىل رەختە ياكى قېلىن ماتادا تىكىلگەن توپى بولاتتى. ئۇلار ئۆنى ھويلىدا، يوللاردا، خامانىدا تېپىپ ئويناپتتى. مەھەللىدىكى ئۇششاق باللارمۇ ئۇلارنى دوراپ ئانىلىرىغا ھەرخىل بۇرۇچ رەختتىن گۈل تەپچىلەنگەن توپلارنى تىكتۇرۇپ ئويناپ يۈرىشەتتى.

تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن كېرەم كىچىك بىر-بىرىگە پاس بېرىپ، توپنى پۇت، بەل، مۈرە، باش بىلەن توسۇشنى مەشىق قىلاتتى.

تۇرسۇن ئەپەندى توپنى پىرقىرىتىپ پۇتىنىڭ ئۇچى، دۈمبىسى، تىزى، تاپىنى بىلەن تەپكۈچ تەپكەندەك تېپىپ، گاھ تىزىنىڭ ئارىسىدىن، گاھ مۈرە، قولتۇقىدىن چىقىرىپ ھۈنەر كۆرسىتەتتى. توپ خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۇنىسىز ئىتائەت قىلىۋاتقاندەك كۆرنەتتى. مەيداننىڭ ئىككى بېشىدا كېسەك بىلەن ياسالغان ۋاراتا بار ئىدى. تۇرسۇن ئەپەندى توپ تەپسە، كېرەم ۋاراتار بولاتتى. كىچىكلىكىگە، بويىنىڭ پاكارلىقىغا باقماي يىقىلىپ-قوپۇپ، دومىلاپ يۇرۇپ توپنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ توپ تەپكەندە تۇرسۇن ئەپەندى ۋاراتار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر توپ، ھەربىر ھەرىكىتىنى ماختاپ ياكى تۈزىتىپ تۇراتتى. بارا- بارا مەيدانغا ئابدىراخمان ئەپەندى، ئالىم ئەپەندى، مەسئۇد ئەپەندىلەر، پۇتبول كوماندىسىدىكى ئەنىۋەر، ئىبراھىم، غوپۇر، پەخرىدىن، تۇرسۇن قارى، بېشىراخۇنلار يىغىلاتتى. ئابدىراخمان ئەپەندى بىلەن ئەنۋەرمۇ قالتىس توپچىلاردىن ئىدى. بولۇپمۇ قاش-كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان مەڭزى قىزىل كەلگەن ئەنۋەرنىڭ تەپكەن توپى زايە بولمايتتى. شۇڭا ھېچقانداق مۇسابىقە ئەنۋەرسىز قىزىمايتتى.

يىغىلغانلا ئادەم سانىغا قاراپ بەش-ئالتىدىن ياكى سەككىزدىن كوماندا بولۇپ مۇسابىقىگە چۈشۈپ كېتەتتى. بەزىدە مۇسابىقىنى كۆرگىلى كەلگەن دېھقان ياشلارمۇ

مەيدانغا چۈشەتتى. ئادەم بارغانچە كۆپىيىپ، مەيدان قىقاس-چۇقان، باركاللا سادالىرى بىلەن قاينام-تاشقىنلىققا چۆمۈلەتتى.

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە مەكتەپنىڭ بىر كۈنلۈك مەشغۇلاتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان گىمناستىكا باشلىناتتى. ھەر-بىر ئوقۇغۇچى مەيداندىكى مۇقىم ئورنىنى تېپىپ رەتلىك تىزىلاتتى. ئابدىراخمان ئەپەندى باشچىلىقىدىكى دۇخوۋۇي مۇزىكا ئەترىتى ناغرا-سۇناي، نەي چېلىپ مەيدانغا كىرەتتى. ئوقۇغۇچىلار مۇزىكا ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ گىمناستىكا ئوينايتتى. گىمناستىكىدىن كېيىن نۆۋەتچى ئەپەندىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالدىنقى كۈندىكى، تەرتىپ- ئىنتىزام، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن خۇلاسە چىقىراتتى، ئەلاچى- ئىلغار ئوقۇغۇچىلار تەقدىرلىنەتتى، سەۋەنلىكلەر تەنقىد قىلىناتتى. خۇلاسە ئاياغلاشقاندىن كېيىن يەنە مۇزىكا ياڭراپ ئوقۇغۇچىلار:

قوپ ئى ئاداش تۇر،
ئەتراپىڭغا باق.
باق نە كۆرەرسەن،
ئويلىغىن ئۇزاق!
...

مارش ساداسى ئىچىدە سىنىپلارغا قاراپ ماڭاتتى. «ھۆسەينىيە»نىڭ يېڭى بىر كۈنى ئەنە شۇنداق باشلىناتتى.

«ھۆسەينىيە»دە شۇ ۋاقىتنىڭ ئادىتى بويىچە شەنبە ھەپتە بېشى ھېسابلىنىپ، جۈمە كۈنى ئارام ئېلىناتتى. چارشەنبە ئەتىگەندە قۇرئان تەجۋىت ئۆتىلىپ پەيشەنبە پۈتۈن كۈن «قۇرئان» ئوقۇلغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا شىپاھىيە يات ئىملا، ھېساب، يۇرت تەھسىلى، تەبىئەت، رۇس تىلى، ئەرەپ تىلى، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى شىپاھىيە، يات ئىملا ۋە تارىخ ئۆتەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىنى ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا

ئاڭلايتتى، قاچان تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ دەرسى كىلەركىن، دەپ تۆت كۆزى بىلەن كۈتىشەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى «ئانا تىلنى تولۇق بىلىش، توغراقوللىنىش ھەر-بىر ئىنسان پەرزەنتى ئۈچۈن پەرز ۋە قەرزدۇر. بىزنىڭ چىرايلىق، يېقىملىق ئانا تىلىمىز بولغاچقا، بىز ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا ئانا، دادا دەپ چاقىرىشنى، باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى، جاھاندارچىلىق قىلىشنى ئۆگەندۇق.

ئانا تىلىمىز بىلەن خۇدانى، دۇنيانى بىلدۇق. دۇنيادىكى، ئىنسانچىلىقتىكى نۇرغۇن-نۇرغۇن ئىشنى چۈشەندۇق. ئانا تىلىمىز بىلەن شۇنداق چىرايلىق ناخشىلارنى ئاڭلىدۇق ھەم ئېيتتۇق. ئانا تىلىمىز بىلەن بوۋاقلارنى ئىغىزلاندۇرۇپ، ئۆلگەنلەرنى ئۇزاتتۇق. ئانا تىلىمىز بولمىغان بولسا بىز بىچارە خەلق بوپ قالغان بولاتتۇق. شۇڭا ئانا تىلنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز، ئۇنى بېشىمىزغا ئېلىپ، ئەتىۋارلىشىمىز كېرەك» دەيتتى. دەرسنى بەك ئەستايىدىل ئۆتۈپلا قالماي، ئىملا ۋە تىل قائىدىسى جەھەتتە تەلەپنى قاتتىق قوياتتى. ئۆزى خەتنى چىرايلىق، ئۆلچەملىك يازاتتى. ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ شۇنداق يېزىشنى تەلەپ قىلاتتى.

تارىخ ئۆتكەندە، دۇنيادىكى، يىراق ئەللەردىكى زور ئىشلارنى خۇددى مۇشۇ يۇرتتا بولغان ئىشلاردەك قىزىقارلىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. دۇنيانى سۆزلەپ بولۇپ شىنجاڭنى، قەشقەرنى، ئاتۇشنى، سەلتەنەتلىك، ئازاپ-ئوقۇبەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق تارىخنى، ئەركىنلىك، ئازادلىق يولدا كۆرەشكەن، قان تۆككەن باتۇر ئەزىمەتلەرنى، داڭدار بىلىم-مەرىپەت ئىگىلىرىنى سۆزلەپ، ئۆز نۆۋىتىدە مۇشۇ يۇرتتىن چىقىپ جاھان كېزىپ، كۆزى ئىچىلىپ پۇل ۋە يۈز تېپىپ زور ئىشلارنى قىلغان كاتتا بايلارنى بىر-بىرلەپ ساناپ،« ئەشۇلار بىزنىڭ يۇرتلۇق، بىر مەھەللىلىك قان-قېرىنداشلىرىمىز ئىدى، ئۇلار قىلغاننى بىز قىلالامدۇق؟» دەپ بالىلارنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوتنى سېلىپ قوياتتى. يۇرتنى، ۋەتەننى، ئۇنىڭ تارىخىنىلا ئەمەس، تاغ-دەريالىرىنىمۇ چۈشۈنىشنى، بىلىشنى، يۇرت كۆرۈپ، شەھەر، دۆلەت ئاتلاپ دۇنيانى چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ قەشقەر توغرىسىدا

سۆزلەپ كېلىپ ئوقۇغۇچىلاردىن :

ئاراڭلاردا قەشقەرگە بېرىپ باققانلار بارمۇ؟- دەپ سورىدى .

13-14 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ باللار كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۈندىمەي ئولتۇرۇشتى. ئۇ يەنە:

قەشقەرگە بېرىشنى خالايدىغانلار بارمۇ؟- دېدى.

--- مەن خالايمەن!

--- مەنمۇ خالايمەن!

--- مەنغۇ خالايتىم، لېكىن شۇ ... ئاشۇ...

پەيشەنبە كۈنى تۇرسۇن ئەپەندى باشلىق ئون نەچچە بالا ئوزۇق-تۈلۈك ۋە يېپىنچا ئېلىپ پىيادە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. قەشقەردە تۇرسۇن ئەپەندى ئۇلارنى باشلاپ ھېيگاھ جامەسى، خانلىق مەدرىسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، بۇلاق بېشى، قىلىچ بۇغراخان مازىرى، ھەزرەت قاتارلىق جايلارنى ئايلاندۇردى. قەشقەرنىڭ ئاۋات بازىرى، مىغ-مىغ ئادەملەر ئىكساقلىق باللارنىڭ كۆزنى ئالا-چەكمەن قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى كىرەم كىچىك بىلەن ئەنۋەر ئېگىز بوي، سېرىق چاچ، كۆزلىرى كۆپكۆك بىر ئادەمنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئاچقانچە ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ يوقلىدى ئىززىپ قالغاندا، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۈگەتكىنى بويىچە خانلىق مەدرىسەنى ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ ھەمراھلىرى بىلەن ئاخىرى تېپىشقاندى. شۇ قېتىمقى سەپەردىن كېيىن بۇ سەپەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن باللار بىردىنلا چوڭ بوپ قالغاندەك بولدى. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇلارغا قازان، ئىستانبول، پارىژ، بېرلىن دېگەندەك شەھەرلەرنىڭ قەشقەردىن نەچچە ھەسسە چوڭلىق، ئۇ شەھەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ رادىئو ئارقىلىق دۇنيادىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولالايدىغانلىقى، ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، پويىز پاراخوتلارنىڭ سۈرئىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندە، بۇ سۆزلەر ئۇلارغا چۆچەكتەك تۇيۇلمايدىغان بولدى.

تەبىئەت دەرسىنى مەسئۇد ئەپەندى، جۇغراپىيىنى ئەمرۇللا ئەپەندى ئۆتەتتى. مەسئۇد ئەپەندى ياز كېچىلىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەكتەپ مەيدانىدا تۇنەپ، ئۇلارغا قاپقاراڭغۇ ئاسمان بوشلۇقىدىكى سامان ۋە ئۈنچىلەر چېچىلىپ كەتكەن يېزا يولغا ئوخشاش ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان سامان يولى ھەققىدە، يۇلتۇزلار، ئاي، كۈن چولپان يۇلتۇزى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشى، ھەرىكىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. مۇنداق ئۆتۈلگەن دەرسلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېسىدىن ئۆمۈرۋايەت چىقمايتتى. جۇغراپىيە ئۆتىدىغان ئەمرۇللا ئەپەندى دۇنيادىكى داڭلىق يانار تاغلارنى ۋە يانار تاغلارنىڭ پارتلاش سەۋەبىنى ئۆتكەندە كەنت سىرتىدىكى قۇمساڭ يەرگە دورا كۆمۈپ، ئۈستىگە تاغ شەكلىدە قۇم دۆۋىلەپ، دورىنى پارتلىتىش ئارقىلىق يانار تاغ ھادىسىنى جانلىق چۈشەندۈرگەن ئىدى.

ئابدۇراخمان ئەپەندى قاشلىرى قاپقارا، قاڭشارلىق، ئېگىز بوي، جانلىق، تېتىك يىگىت ئىدى. ئۇ، تەنتەربىيەنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۆزى تەنتەربىيە دەرسى بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيەتتى. ئۇلارنى دائىم دالاغا، ئۆستەڭ بويلىرىغا ئېلىپ چىقىپ يۈگۈرۈش، سۇ ئۈزۈش، چېلىشىش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەيتتى. ئوقۇغۇچىلارنى يۈگۈرتۈپ ئاق تاغقا ئايرىپ تاغقا چىقىش، توشقان قوغلاشتا مۇسابىقىگە سالاتتى. ئۇ بەك ھېسسىياتلىق، كۆڭلى يۇمشاق ئىدى، ھېرىپ قالغان، مىجەزى يوق بولۇپ قالغان بالىلارنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈۋالاتتى. كەمبەغەل-نامرات بالىلارنى كۆرسە چىداپ تۇرالماي، قولدا نېمە بولسا بېرىۋېتەتتى. بىر قېتىم ئۇ بالىلارنى باشلاپ تاغقا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن بىر كىيىك چىقىپ قالدى. بالىلار ئۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قوغلاپ چوڭقۇر بىر جىراغا قاپسىۋالدى. ئابدۇراخمان ئەپەندى ئۆزى جىراغا چۈشۈپ كىيىكنى تۇتۇپ چىقتى. كىيىكنىڭ پۇت-قولى باغلاندى. باغلاقتا چۈشكەن كىيىك دىر-دىر تىترەيتتى، ياش تولۇپ تۇرغاندەك بولۇپ كۆرۈنىدىغان قاپقار كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا غەمكىن تەلمۈرۈپ قارايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تاغ ئۈستىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا ئابدۇرەھمان ئەپەندى

نېمىشقىدۇر ئىچىلاللماي خىيال سۈرۈپ قالدى. كىيىكنى سويۈپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىشقا تەقەززار بولۇپ تۇرغان باللارمۇ مۇئەللىمىگە قاراپ شوخلۇقلىرىنى قىلالماي شۈكلەپ قىلىشتى. ئابدۇرەھمان ئەپەندى بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

بالىلىرىم، كىيىكنى قويىۋېتسەك رازى بولامسىلەر؟ دەپ سورىدى.

باللار بىر-بىرگە قاراشتى. «قويىۋېتىمىزمۇ؟ ئەمسە نېمىشقا جاپا تارتىپ تۇتتۇق؟ قورساق ئىچىپ تۇرغاندا، تەييار كاۋاپنى نېمىشقا يېمىگۈدەكمىز؟» باللارنىڭ سەبىي كۆزلىرىدىن ئاشۇ مەنە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

بۇ بىچارە تۇتقۇنغا قاراشلار. مۇشۇ تاغدا ئەركىن يايلاپ يۈرگەن بىزنىڭ نەپسىمىز تۈپەيلى ئەركىنلىكىدىن ئايرىلدى، ئەمدى جېنىدىنمۇ ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئاتا-ئانىسى، ئاكا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللىرى بارىدۇ، ئۇلار شۇ تاپتا بۇ بىچارىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇشقاندۇ.

كىرەم كىچىكنىڭ يوغان، قاپقارا كۆزلىرىگە ياش تولدى.

--- ئەپەندىم، قويىۋېتەيلى،- دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا.

--- قويۋېتەيلى!-دېيىشتى قالغان باللارمۇ.

--- كىيىك باغلاقتىن ئازاد بولۇپ تاقلاپ-تاقلاپ قىيالا ئارىسىدا غايىب بولدى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك يوقاپ، كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تاغقا چىقسا توشقان، كىيىك ئوۋلىمايدىغان بولدى.

بىر كۈنى كىرەم ئاغىنىلىرى بىلەن يولدا توپ تېپىپ ئويناپ كېتىۋېتىپ تاغسى ئىمىن مەزىنگە ئۇچراپ قالدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەپكەن توپ دەل تاغىسىنىڭ قاڭشىرىغا بېرىپ تەگكەن ئىدى. مەزىن تاغىسى ئۇنى قۇلىقىدىن تارتقىنىچە ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ قوللىرىنى شىلتاپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ئاغزىدىن شالىلىرىنى

چاچراتقىنىچە تىللاپ كەتتى؛

--- ھۇ جويۇد، مۇرتەد! ئىمانسىزلارنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ يولدىن چىققاندىن نان قېپى! جىنىڭ ئىچىڭگە پاتماي قالغان بولسا، مۇشۇ ئەسكى تويىنى تېپىپ يۈرگۈچە ئىتىزغا چىقىپ كەتمەن چاپساڭ بولماسمىدى!

ئىمىن مەزىن يېڭىچە مەكتەپلەرگە ۋە ئەپەندىلەرگە جېنىنىڭ بارىچە ئۆچلىك قىلاتتى. يۈرۈت بېگى ۋە بىر قىسىم قازى-قوزاتلار بىلەن بىرلىشىپ: «مۇسا بايلار باللىرىمىزغا پەرەڭلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىتىپ نىمە پايدا تاپتى. باللار ئەتىدىن كەچكىچە ئەپەندىلەرنىڭ ئارقىسىدا شەيتاننىڭ تويىنى تالىشىپ يۈرۈپ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يولدىن چىقىپ كەتتى ئۇ ئەسكى تويتىن ئاش-نان چىقمامدىكەن؟» دەپ ۋەز ئېيتاتتى. تاغسى كىرەمنى نەدە كۆرسە تۇتىۋېلىپ پەندى-نەسىھەت قىلاتتى ياكى تىللاپ ۋەز ئېيتىپ قورقۇتماقچى بولاتتى. كىرەمنىڭ ئانىسى ئاكىسىغا بولىشىنى ياكى ئوغلىغا بولىشىنى بىلەلمەي مىشىلداپ يىغلايتتى. ئاكىسىنىڭ دىگەنلىرىمۇ ھەق. دىمىسىمۇ مۇشۇ مۇشتۇمدەك بالىغا نىمە جىن چاپلاشتىكىن، ئولتۇرسا، قوپسا تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن تويىنىڭ گىپىدىن باشقا گەپ قىلمىغان. كىچىلىرى نىمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ جۆيلۈپ ئادەم قورقۇتۋاتقان، چۈشەكەپ، توپ تەپتىم دەپ يوتقاننى تېپىپ، يوتقان توشاتمىغان.... ئۇ، ئاكىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوغلىنى ئوقۇتۇپ، دىمىدە سۈيى ئىچكۈزۈپمۇ باقتى، نەسىھەت قىلىپمۇ، ئۆيگە سولاپ قويۇپمۇ باقتى، لىكىن كار قىلمىدى، ھېچ نەرسە كىرەمنى يولدىن قايتۇرالمىدى. تېخى، بىر جۈمە نامازدىن يانغاندا، ئەپەندىلىرىم سىنى مەكتەپكە كەلسۇن دەيدۇ، ھەممە باللىنىڭ ئانىلىرى باردىكەن، دەپ مەكتەپكە باشلاپ باردى. ئەسلىدە ئۇ كۈنى چوڭ مۇسابىقە بولغانىكەن. كىرەمنىڭ ئانىسى ئۆزىگەئوخشاش يۈزنى ياپقان بىر توپ ئاياللىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلىنىڭ مەيداندا ئوقتەك تىز يۈگۈرۈپ، تويىنى ۋارتارغا قانداق تېپىپ كىرگۈزگىنىنى، توپ كۆرىۋاتقانلارنىڭ«كىرەم كىچىك، ياشاپ كەت!»،«ئوغۇل بالا!»

دەپ تووۋلاشقانلىرىنى ئاڭلىدى ھەم كۆردى. ئۆزىمۇ ھاياجانلىنىپ گاھىدا ئوغلىدىن ئەنسىرەپ نەچچە قېتىم ۋارقىراپ سالغىنىنى تۇيمايلا قالدى. مۇسابىقىدىن كېيىن تۇرسۇن ئەپەندى ئوتتۇرىغا چىقىپ كىرەمنى مۇرىسىگە ئولتۇرغۇزىۋېلىپ:«خالايىق، بۈگۈندىن ئېتىبارەن كىرەمنىڭ ئېتى كىرەم توپچى بولسۇن!» دېگەندى، ھەممە ئادەم چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپ كەتتى. ئانىسى شۇنىڭدىن كېيىن كىرەمنى توسمايدىغان، ئېخى ئۆزىگە ئوخشاش ئانىلىرى بىلەن توپنىڭ، مۇسابىقىنىڭ پارىڭىنى سىلىشىدىغان، ئوغلىدىن پەخىرلىنىدىغان بولدى. كىرەم بىر كۈنى ئۇنىڭغا:«ئانا، ئاڭلىسام پەرغىلەرنىڭ توپى بىزنىڭكىدىن قاتتىق ئىكەن. مەن ھەرقانداق قاتتىق توپنىمۇ تېپەلەيدىغان بولسام دەيمەن. سەن ماڭا زىغىر پاخىلنىڭ ئارىسىغا شېغىل ئارىلاشتۇرۇپ بىر توپ تىكىپ بەرگىنە» دېگەندە نەچچە كۈن باش قاتۇرۇپ ئوغلى دېگەندەك توپتىن بىرنى تىكىپ بەردى. بۇ توپنى تەپكەن دەسلەپكى كۈنلەردە كىرەمنىڭ يالاڭئاياغ پۇتلىرى قىزىرىپ، قاناپمۇ كەتتى. بىراق بىر مەزگىل دىن كېيىن قانىماس بولدى، ئانىسىنىڭ كۆڭلىمۇ جايىغا چۈشتى. كىرەم ئەنە شۇنداق توپ تېپىپ يۈرۈپ چوڭ بولدى. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئېخى شۇ مەكتەپكە ئەپەندى بولدى. توپ تېپىپ يۈرۈپ مۇشۇ يۇرتتىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنىڭ مۇھەببىتىگىمۇ ئېرىشتى.

بىر كۈنى كىرەم ئاغىنىلىرى بىلەن كونا تۇماقنى ئۆزگەرتىپ ياسىۋالغان توپنى تېپىپ ئويناۋاتاتتى. كىمدۇر بىرىنىڭ كۈچەپ تېپىشى بىلەن توپ يول بويىدىكى ئەنجان تاملىق چوڭ باغنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. باغنىڭ تاملىرى ئېگىز ئىدى. تام بويلاپ ئاسمان-پەلەك قەد كۆتۈرگەن قويۇق سەگۈ تېرەكلەر باغنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. كىرەم توپنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن باغنىڭ شورىسىدىن ئۆمىلەپ كىردى. باغدا ئۇ باينىڭ قىزى مەرىگۈلنى كۆردى. ئۇ قىزنىڭ قولىدىكى توپنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

--- كىرەم كىچىك، سىنى قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇيدىكەندەيدىغۇ، راستىمۇ؟- دەپ سورىدى مەرىگۈل بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

--- ئەپەندىم مېنى قەشقەردە ئوقۇتماقچى بولغان، لېكىن ئانامنى يالغۇز قالدۇ دەپ بارمايدىغان بولدۇم. ئەپەندىم ئۇنداق بولسا سىنى ئۆزۈم تەربىيلەيمەن، دېدى،- دېدى كېرەم مەغرۇرلۇق بىلەن.

--- قەشقەرگە ئاناڭنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتسەڭ بولىدىغۇ؟

--- ئانام ئۇنىمايدىكەن. سەھرادا ئازادە ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم شەھەرگە كۆنەلمەيمەن، دەيدۇ. مەن تۇغۇلمىغان ۋاقتىمدا دادام بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىلغان ئادەملەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتىكەن، قەشقەرنىڭ گېپى چىقسا ھازىرمۇ تىترەپ كېتىدۇ.

--- ئۇغۇ راست، مەنمۇ قەشقەرگە كۆنەلمەيمەن،- مەرىگۈل شۇنداق دەۋىتىپ ناھايىتى چىرايلىق ھەم چەبدەس ھەرىكەت بىلەن توپنى باغ سېرتىغا قارىتىپ تەپتى. توپ ئېگىز ئەنجان تىمىنىڭ ئۇستىدىن ھالقىپ، كۆكۈچ پارقىراپ تۇرغان سەگۈ تېرەكلەر ئارىسىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

--- نېمە، سەن.... سەن؟

--- قانداق مەندىن باشقا ئادەم توپ ئوينىيالمايدۇ، دەپ قالغانمىدىڭ،- دېدى مەرىگۈل لەۋلىرىنى دومسايتىپ ۋە بىردىنلا ئېچىلىپ كۇلدى،- مېنىڭمۇ بىر توپۇم بار، ئاۋۇ بۇلۇڭدا بىر ۋاراتارمۇ بار تېخى.

ئوغۇل بالا بولۇپ قالساڭمۇ بوپتىكەن،- شۇنداق دەپ كېرەممۇ كۇلۇۋەتتى.

كېرەم باغ ئىشىكى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا توختاپ مەرىگۈلدىن سورىدى:

--- راست، سەن ھېلىقى مېنى قەشقەرگە بارىدىكەن دېگەن گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ مەن ھېچكىمگە دىمىگەنتىم .

--- كالۋا،- مەرىگۈل سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ يەنە كۇلدى،- ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا سىنىڭلا گېپىڭ، تېخى سېنى ئەنجانلىق بىر ئەپەندى بىلەن ئەنجانغا

كېتىدىكەن دېگەن گەپمۇ بار!

........

كىرەملەر شۇنىڭدىن كېيىن دائىم مۇشۇ باغنىڭ تۆۋىدە توپ تېپىدىغان بوپ قالدى. كىرەم ھەر قېتىمدا بىر ـ ئىككى نۆۋەت توپ ئېلىپ چىققىلى باغقا كىرىپ تۇردى. كىرەم ھەر قېتىم باغقا كىرىپ كەتسە نېمىشقا پات چىقمايدىغانلىقىغا ئەجەبلەنگەن ئاغىنىلىرى باغنىڭ شورىسىدىن ئۆمىلەپ كىرىپ كىرەمنىڭ مەرىگۈل بىلەن ئىرىق بويىدا يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى ئاقتىكى ياش باللارنىڭ ئارىسىدا بىر ناخشا تارىلىپ كەتتى. ناخشىنىڭ نامى«گۈلمەرەم»ئىدى. بۇ ناخشا شۇنچىلىك مۇڭلۇق، گۈزەل ئىدىكى، ئاڭلىغانلار كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇزاققىچە ئېسىدىن چىقمايتتى.

بىر كۈنلەردە مەرىگۈلنىڭ دادىسى ھەمراباي قىزى بىلەن كىرەم تويچى توغرىسىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ نومۇس ۋە غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى.«نى-نى بەگزادىلەرنى قىزىمغا لايىق كۆرمەي يۈرسەك، قىزىمىز بىر يالاڭتۆش يېتىم ئوغلاق بىلەن تېپىشىپتىمۇ. ۋاي ئىسىت، قىزبالا دېگەننىمۇ باقامدىغان!»دەپ نالە-پەرياد چېكىپ، خوتۇنىغا يەتكۈچە كايىپ ئاخىرى خوتۇنى بىلەن قىزىنى قورۇقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردىكى پىنھان قورۇ-جايغا يولغا سالدى. كىرەمنىڭ پۇتلىرى ئالدىدا قەشقەرنىڭ يولى قانچىلىك يول ئىدى! ئۇھەپتە، ئون كۈندە بىر قەشقەرگە بېرىپ نو بېشى تەرەپتىكى كوچىلارنى ئارلايتتى. مەرىگۈلمۇ بەزىدەيالغۇز، بەزىدە بىر قىرى خوتۇننىڭ ھەمراھلىقىدا كوچا تەرەپكە چىقىپ قالاتتى. ئۇ، پەرەنجىگە يۆگەلگەن قىزنىڭ بۇرۇلۇپ لەپپىدە بىر قارىشىدىن، نازۇك بەدىنىنىڭ ئالاھىدە بىر قىياپەتلىرىدىن ئۇزىنى كۆرگىنىنى سېزەتتى ۋە ئۇزىچە قىزىرىپ، ھاياجانلىنىپ، شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئارقىسىدىن ئۇزاق قاراپ قالاتتى. قىزنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرەلىگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭغا يولنىڭ يىراقلىقى، ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق،

ۋىسال ئارزۇسىنىڭ بىقارارلىقى بىلىنمەي قالاتتى.

ئاق تاغ خۇددى ئاسماندىن توككىدە چۈشۈپ قالغاندەك ياكى يەر تېگىدىن ئۈسۈپ چىققاندەك ئىكساقنىڭ جەنۇبىدىكى قۇم تاشلىق چۆلدە سىرلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قاراڭغۇ كىچىلەردە، تاڭ سەھەردە ۋە گۇگۇم پەيتىدە ئۇ سۈكۈت ئىچىدە زېمىنغا نەزەر سېلىپ تۇرغان مويسىپىتقا ئوخشىسا، ئايدىڭ كىچىلەردە ياكى ئاپتاپ قاينىغان ياز كۈنلىرىدە كىرىستالدەك يالتىراپ نۇر چاچىدۇ. تېخىمۇ يىراقتىن نەزەر تاشلىغاندا ئۇ خۇددى ئىكساقتىن ئىبارەت بۇ قەدىمى يۇرتنىڭ بېشىدىكى ئوتىغاتتەك كۆرۈنىدۇ. تارىختىن بۇيان بۇ شىخىل تاشتا بۇ يۇرتتا، بۇ يۇرت ئەتراپىدىكى كىچىك-كىچىك بوستانلىقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتىرگە ئىگە بىر قوۋمى ياشىغان. بۇ يۇرت خەلقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى جاھان كىزىش بولسا كېرەك.

يەرنىڭ ئۈنۈمسىز، قۇرغاقلىقى ۋە قىستاڭچىلىق ئۇلارنى باشقىلاردىن تىرىشچان، چىداملىق قىلىپ يېتىلدۈرۈپلا قالماي، جاھان كېزىپ باشقىچە تىرىكچىلىك يولى تېپىشقا مەجبۇر قىلغان. نەتىجىدە ئۇلار ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل-باياۋان، دېڭىز-ئوكيانلاردىن ھالقىپ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇرغان. بارغانلا يېرىدە روناق تېپىپ، ئۆز يۇرتىدىن كۆپ ياخشى ياشىغان. ئەمما ئۇلار ئاشۇ كىچىككىنە نامرات، تاشلىق زېمىننى زادى ئۇنتۇپ قالمىغان. شۇڭا ئۇ يەر ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئەڭ زىچ، دۇنيادىكى يىڭىلىقلار ئەڭ ئاسان ئۆزلىشىدىغان كۆزنەك بولۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تەقدىرگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. تارىختا شۇنداق بولغان، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ مۇسا بايلار. ئاچقان «ھۈسەينىيە»،«ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» مەكتەپلىرى، مەرىپەتپەرۋەر بايلار ئاچقان ۋە ئىچىۋاتقان تېخىمۇ كۆپلىگەن مەكتەپ خۇددى قاراڭغۇلۇق قوينىدا لاۋۇلداپ يانغان مەشئەلدەك كىشىلەرنى ئويغىتىۋاتىدۇ، ئۈمىدلەندۈرۋاتىدۇ، تېخىمۇ گۈزەل مەنزىرىگە

ئىنتىلدۈرۈۋاتىدۇ...... لېكىن، دۇنيادا ياخشى، گۈزەل ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمىقى نەقەدەر مۈشكۈل، ئۇنىڭ رەقىبلىرى نەقەدەر كۆپ ۋە رەزىل هە......

يۇرۇت بىگىنىنىڭ ئۆيىدىن ئاتلىق چىقىپ كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندى چوڭقۇر خىياللارغا پاتقانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن چىرايى غەزەپتىن قىيسىيىپ، ساقاللىرى تىترەپ تۇرغان يۇنۇس بەگ ۋە بەگنىڭ مېهمانخانىسىدا تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ سۆزلەپ«هۆسەيىنىيەنىڭ» ئوقۇتۇشقا، تەنتەربىيە ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ چوڭ-كىچىك هەممە ئادەمنىڭ پۇتبول ئوينىشىغا تىل-ئاهانەت ياغدۇرۇۋاتقان قازى-قۇززات، ئىشان مەزىنلەر بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

- كونىچە مەدرىسلىرىمىزنىڭ نېمىسى يامان؟ باللىرىمىزنى قوينىڭ قوزىسىدەك يۇۋاش-يۇمشاق، تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەپ كېلىۋاتقىنى، ئاشۇ مەدرىسە ئەمەسمۇ!

پەننى دەرس دەپ دىنىمىزغا، «قۇرئان-كەرىم»، هەدىس مۇبارەككە خىلاپ پەتىۋالارنى تارقىتىپ يۈرسە جاهاننىڭ ئىشلىرى ئىزدىن چىقىپ كەتمەمدۇ! يەر دېگەننى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر كالا مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ نىرىسىدىكى ئىشلارنى بىر خۇدايىمنىڭ ئۆزى بىلىدۇ. جەدىت ئەپەندىلەر يەر يۇمىلاق توپقا ئوخشايدۇ، توختىماي چۆرگىلەپ تۇرىدۇ، دەپ دەرس ئۆتىكىدەك. ئەگەر ئۇلار دېگەندەك بولسا ماۋۇ پىيالىدىكى چاي نېمىشقا مىدىرلىمايدۇ، تۇرسۇن ئەپەندى قانداقچە يۇمىلاپ كەتمەي بىزنىڭ يېنىمىزدا بەخۇدۇك ئولتۇرالايدۇ، ها..... ها.....

بىر ئوبدان باللىرىمىزنى تاغمۇ-تاغ، باغمۇ-باغ چاپتۇرۇپ يورۇپ ياۋايىلاشتۇرۇۋەتتى بۇ ئەپەندىلەر. هېلىقى پەرەڭلەرنىڭ شەيتان توپى هەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. نەگە قارىسا شۇ، كىمنىڭ ئاغزىغا قارىسا شۇنىڭ گېپى. هەتتا خاتۇن خەقلەرمۇ چەتتە قالمىدى. باللا خەلپەتلەرنىڭ گېپىنىلا ئەمەس، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كەتتى.

ئاۋۇ ئەمرۇللا بەگنى خىلى ئوڭلۇق ئادەم دەپ يۈرسەك، ئۇششاق باللارنى باشلاپ تاش

مەسچىتنىڭ يېنىدىكى قۇملۇققا مىلتىق دورىسى كۆمۈپ پارتىلىتىپ، «يانار تاغ» مۇشۇنداق پارتىلايدۇ، دەپ يۈرۈپتۇ. جاھاننىڭ ئىشلىرى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولامدۇ يا ئەرۋىلا ئەپەندىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولامدۇ! سىلى دەپ باقسىلا تۇرسۇن ئەپەندى، سىلى چوڭ يەرلەردە ئوقۇغان، چوڭ ئىشلارنى كۆرگەن ئادەم. بىزنىڭ يۈرۈتتىكى بۇ ئىشلار قالايمىقانچىلىق، دەھرىيلىك بولماي نېمە؟! بۇ ئىشلارنى دوتەي ئالىيلىرى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسىغۇ، كۆرگىلىكى بار بۇ ئەپەندىلەرنىڭ.

ئېگىز پاپاخ، ئاق كۆينەك ئۈستىگە بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان خورما رەڭ تون كىيگەن تۇرسۇن ئەپەندى يوغان سەللىك، پار-پۇر تونلۇق، يوغان قورساق قازى-قۇزاتلارنىڭ ئارىسىدا چاققان، خۇشپىچىم كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر قىشنى سەل ئېگىز كۆتۈرۈپ، نېپىز لەۋلىرىنىڭ بۇرجىكىدە سۇسقىنە كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئۇلارنىڭ قايناشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇ ئۇلارغا بۇنىڭدىن 430يىللار ئىلگىرى پەرەڭلەرنىڭ ئىتالىيە دېگەن يېرىدە دىنى ئۆلىمالار بىلەن بىر ئالىم ئوتتۇرىسىدا دەل مۇشۇنداق مۇنازىرىلەرنىڭ بولغانلىقىنى، كوپېرنىك ئىسىملىك بۇ ئالىم يەر شارى قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان ئادەتتىكى بىر پىلانېت دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت نەزەربەنت ئىچىدە ياشاپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن ئالىم گالىلېيمۇ كوپېرنىك تەلىماتىنى ياقلىغانلىقى تۈپەيلى كوپېرنىك بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغانلىقى، 1600-يىلى گىئوردانو برونو ئىسىملىك بىر ئالىمنىڭ كوپېرنىك تەلىماتىنى تەشۋىق قىلغانلىقى تۈپەيلى رىم مەيدانىدا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى.... لېكىن، بۇ نەزەربەنت ۋە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشلەر بىلەن بۇ ئىلمى يەكۈن يوقالمايلا قالماستىن، بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان قۇياشتەك چاقناپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشنى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى زور بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرلەتكەنلىكى..... دەپ بەرگۈسى كەلدى. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ چىرايىغا بىر-بىرلەپ نەزەر سېلىپ بۇ نىيىتىدىن يانىدى. ئاچكۆزلۈك، تەمە ۋە نادانلارچە مەنمەنلىك

قاپلىغان بۇ چىرايلا ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرغان ئىدى ئۇلا سۆزلەپ ھارغاندا ئالدىرىماي گەپ باشلىدى:

ھەر قايسىلىرى بۇ يۇرۇتنىڭ مۆتىۋەرلىرى، كاتتىلىرى. ھەرقايسىلىرى كىچە-كۈندۈز يۇرۇتىمىزنىڭ غېمىنى يېيىشتىلا. ھەر قايسىلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيەلىرىگە ئەمەل قىلماي ھەددىمىز ئەمەس، چوقۇم ئەمەل قىلىمىز، لېكىن بىزمۇ ھەرقايسىلىرنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىمىزنى ئاڭلاپ قويۇشلىرىنى ئۆتۈنىمىز. ھەر قايسىلىرى ئاق تاغقا چىقىپ باققان بولۇشلىرى مۇمكىن. تاغدىن پەسكە قارىساق بىزنىڭ بۇ ئېكساق ئالقانچىلىكلا كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى قايراق، بەيساق، تاقۇت، يولچىلارنى قوشقاندىمۇ ئۇ يەنىلا ئالىقانچىلىك يۇرۇت. دۇنيادا تاغنىڭ نىرىسىدا تاغ، يۇرۇتنىڭ نىرىسىدا يۇرۇت، دەريانىڭ نىرىسىدا دەريا، ھەتتا قاتمۇ-قات دېڭىز- ئوكيانلار بار. ئاشۇ تاغلارنىڭ، دىڭىز-ئوكيانلارنىڭ نىرىسىدا نۇرغۇن ئادەملەر بار. ئاشۇ تاغلارنىڭ، تاغلارنىڭ، دىڭىز-ئوكيانلارنىڭ نىرىسىدا ھېسابسىز نۇرغۇن ئادەملەر بار. ئاشۇ ئادەملەر نى-نى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئاجايىپ يوغان دۇربۇن، تېلىسكوپلارنى ياساپ يۇلتۇزلارنىڭ سىرنى ئېچىۋاتىدۇ، يەر ئاستىدىن خىلمۇ-خىل بايلىقلارنى قىزىۋاتىدۇ. ماشىنا، ئايروپىلان، پاراخوت، پويىزلارنى كەشىپ قىلىپ ئالتە ئايلىق يولنى بىر كۈندە بىسىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنى ئىلىم-پەنگە، مائارىپقا تايىنىپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار يارانتقان ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىگە كۆز يۇمغىلى، شەك كەلتۈرگىلى بولماس. بىز مۇشۇ يۇرۇتتىن چىقماي ئولتۇرۇۋېلىپ ئاكاڭ قارىغاي ھەممىدىن كاتتا، دەپ جاھاندىكى ھەممە ئىش، ھەممە يەر بىر قېلىپتا دەپ قارىساق بولماس. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام بۇخارايى شەرفنىڭ ئۆلىمالىرىدىن«ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ» دېگەن پەتىۋانى ئېلىپ كەلمىدىمۇ؟! يۇرۇتىمىزدىن چىققان مۇسا ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چەتئەللەرنى كۆرۈپ، يۇرۇتنى ئويلاپ، خەلقىمىزنىڭ كۆزى ئېچىلسۇن جاھالەتتە قالمىسۇن، دەپ«ھۇسەينىيە»نى بەرپا قىلمىدىمۇ؟! ئەمدى تەنتەربىيىگە كەلسەك، ئۇسۇلى جەدىت ئەقلى تەربىيە بىلەن بەدەن

تەربىيىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىدۇ. بەدەن چىنىقتۇرغاندا روھى ۋە جىسمانىي ئىللەتلەردىن خالى بولغىلى بولىدۇ. جۇشقۇن روھ ۋە ساغلام بەدەنسىز ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولماس. ھەر قايسىلىرىمۇ باللىرىمىزنىڭ، دېھقانلىرىمىزنىڭ روھىدىكى جۇشقۇنلۇقنى كۆرۈۋاتىدىغانلا. پىقىرنىڭ قارشىچە بۇ يامان ئىش ئەمەس. بىز خەلقنى سۇغا ئوخشاتساق، توختام سۇ چىرىندە بىلەن تولغان ئۆلۈك سۇدۇر. ئېقىپ تۇرغان جۇشقۇن سۇلار ساپ، تازا ۋە تىرىك سۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاجىدى ئالغاندا بەدەن چىنىقتۇرغاننىڭ نېمىسى يامان؟ ئۇ نېمە سەۋەبتىن ھەرقايسى زاتى مۇبارەكلىرىمىزنىڭ كۆزىگە سىغماي قالدىكىن؟

يۈرۈت چوڭلىرى بىر پەس بىر- بىرگە قارىشىپ جىم بولۇشۇپ كەتتى. كىيىن ئۆز-ئارا كۇسۇرلىشىپ، دىمىقىنى قېقىپ، گاللىرىنى قىرىپ تۇشمۇ-تۇشتىن سۆز باشلاشتى:

--- تۇرسۇن ئەپەندىم، سىلىنىڭ دېگەنلىرىنى بىزمۇ بىلىمىز. ئۇيەرلەرگە بارمىساقمۇ بارغانلاردىن ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. لېكىن ئۇلار كىم؟ بىز كىم؟ بىزنىڭ دىنىمىزمۇ، ئۆرۈپ ئادىتىمىزمۇ، تۇتقان يولىمىزمۇ ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنچە يىلدىن بۇيان بىز ئۇلارسىزمۇ ياشاپ، يولنى ئوڭ مېڭىپ كەلدۇق ئەمدى بۇگۈنگە كەلگەندە خەقنى دورايمەن دەپ ئوڭدا چۈشمەيلى يەنە! بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىغىمۇ بەك كايىپ كەتكۈچىلىكىمۇ يوق. خۇدايىم بىزگە بۇ دۇنيالىقنى بەرمىگەندىكىن بىز خەق نامىزىمىزنى ئوقۇپ، شەرئەت يولىنى تۇتۇپ، سىڭگەن ناننى يەپ، تىنچ ئۆتسەك بولارمىكىن.

ئۇدۇنيا، ئۇ دۇنيا دەپلا مۇشۇ كۈنگە قالغان خەق بىز. ئۇنداق بولسا خۇدايىم بىزنى بۇ دۇنياغا- مۇشۇنداق گۈزەل، باي-باياشات بىر زېمىن ئۈستىگە نېمە دەپ ياراتتى؟ يارتقۇچى مەن، يارالغۇچى ئۆزۈڭ دېمىدىمۇ! بىزمۇ ئادەمغۇ! بولدى، بۇ گەپلەرنى مۇشۇ يەردە قويۇپ ھەر قايسىلىرىغا مۇھىم بىر خەۋەرنى يەتكۈزەي. باھاۋۇدۇن ھاجىم چەتئەللەردىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پات ئارىدا يۈرۈتقا يېتىپ كەلگۈدەك. ھاجىم كەلسىغۇ قاراپ تۇرماس. لېكىن بىز ھازىر تازا ئۆزۈكچىلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. باللىرىمىز قىينىلىپ قالمىسا بولاتتى.

ھەر قايسىلىرىغا ئايان بولغىنىدەك، يېقىندىن بۇيان مەكتىپىمىزدە ئوقۇيدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپەيدى، خىراجەت بولسا يەنە بۇرۇنقىدەك. شۇڭا ھەرقايسىلىرىنى جامائەت ئىسكىلاتىدىن بېرىلىدىغان يارەمنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ بەرسە دېگەن ئۈمىدە بىز. بولسا، جاۋابىنى ھازىر ئېلىپ كەتسەم.

يۇرۇت چوڭلىرى يەنە بىر نۆۋەت جىم بوپ كېتىشتى. بۇ جىمجىتلىق خىلى ئۇزاق سوزۇلدى. ئۇلارنىڭ رايىچە بولسا خىراجەتنى كۆپەيتىش ئەمەس، بەلكى پەقەتلا بەرگۈسى يوق ئىدى. ئەمما باھاۋۇدۇن ھاجىم راستتىنلا كېلىپ قالسا ئۇ كىشىگە يۈز كەلگىلى بولمايدۇ-دە. ئۇ دېگەن ئۇنداق-مۇنداق ئاددەم ئەمەس، دۇنيانىڭ يېرىمى تونۇيدىغان كاتتا باي. ھېلىغۇ قەشقەردىكى چوڭلارئىكەن ئۆلكىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ھۆرت-پۆرت دېيەلمەيدۇ، ئاشۇنداق بىر ئاددەمگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ دەپ ھېچكىم ئېيتىيالمايدۇ....

باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا ھەممە نارازىلىقلا قايناپ تۇرغان قازانغا سۇ قۇيۇلغاندەك بىسقىپلا قالماي، خىراجەت ئىشىمۇ ھەل بولدى. تۇرسۇن ئەپەندى دەيدىغانلىرىنى دەپ، مەقسىتى ھەل بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئوڭچە قالدۇرۇپ، ئۆزرە سوراپ قايتىپ چىقتى...

تۈنۈگۈن ئاتچىلار ئەۋەتكەن كىشىدىن باھاۋۇدۇن باينىڭ يۇرۇتقا كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆڭلىدە ئىللىق بىر سېزىم، بىر خۇشلۇق پەيدا بولدى. ئەينى يىللىرى باھاۋۇدۇن باي مۇشۇ يۇرۇتلۇق ئون نەچچە بالىنى تۈركىيىگە ئوقۇشقا يولغا سالىدىغان چاغدا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، پېشانىسىدىن سۆيگەندىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇنداق ئىللىق سېزىم، خۇشلۇق پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا باھاۋۇدۇن باي ياش، قاۋۇل ئىدى. مەخمەلدەك قويۇق، قاپقارا قاشلىرىنىڭ قۇيرۇقى بېشىدىكى ئېگىز پاپاخنىڭ ئىچىگە قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن، كىشىگە سەممىمىي، ئىللىق بېقىشلىرىدىن، گەپ سۆزلىرىدىن بىر خىل ئاق

كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ:

بالىلىرىم تىرىشىپ ئوقۇپ، يۇرۇتىمىز خەلقىمىزگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىۋىلىڭلار، بىز سىلەرنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتىمىز، ئاتۇش خەلق سىلەرنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ... دېگەن ئىدى.

ئۇ بىر كەتكىنىچە تۈركىيىدە ئون يىلچە تۇرۇپ قالدى. دەسلەپتە قىسقا كۇرۇسلاردا، كېيىن ئالىي بىلىم يۇرتى«سۇلتانەم»دە ئوقۇدى. بۇ جەرياندا باھاۋۇدۇن باي تاپىلىغاندەك، ئۆزى يۇرتىمىزغا كېرەكلىك دەپ قارىغان ھەممە نەرسىنى-ھېساب، تىل-ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، رەسىم، مۇزىكا، ئاسترونومىيە، ھېسابات باشقۇرۇشنى، تۇرۇكچىنىلا ئەمەس، ئىنگلىز، فىرانسۇز تىللىرىنىمۇ ئۆگەندى. تەنتەربىيە، توپ تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماھىر بولۇپ يېتىشتى. ئاخىر ۋاقتى سائىتى كېلىپ ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا تۈركىيىدە تونۇشقان، ئارىلاشقان دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا چىدىماي قىلىشتى. ئىسسىت، ئاشۇ چەت قالاق يەرگە سەندەك ئادەم بىكار كېتىسەن، دەپ ئەپسۇسلىنىشتى. ئۇنى كاتتا خىزمەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتى. ئەمما ئۇ ئاشۇ بىلىم ماھارەتلىرىنى يۇرتى، خەلق ئۈچۈن ئۆگەنگەندى. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ بىرنى قالدۇرماي يۇرتى ۋە خەلقىگە تەقدىم قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنچە يىلدىن بىرى ئۇ ئەقىدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆيۈپ پىشتى، ھەريان چاپتى، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى. ئۇۋالچىلىق، ھاقارەت، زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندىمۇ ئۆز يولىدىن تەۋرىنىپ قالمىدى. ئۇ، مائارىپنىڭ مەنىلىك ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىككە چىن دىلىدىن ئىشىنەتتى. مائارىپ بىلەن ئۆز يۇرتىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا كۆز يېتەتتى. شۇڭا ئۆز تەقدىرىنى، بارلىق ئارزۇ ئارمىنىنى، بەخت ۋە ئازابىنى «ھۆسەيىنىيە»نىڭ ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەندى.

«ھۆسەيىنىيە» ھەقىقەتەنمۇ بىر مەشئەلگە ئوخشايتتى. ئۇ جاھالەت، نادانلىق قاپلىغان بۇ زېمىندا نەچچە ئەۋلاد مەرىپەت تارقاتقۇچىلارنىڭ جانىنى- جانغا ئۇلاپ قولدىن-

قولغا يەتكۈزۈشى بىلەن 40يىل ياندى. ھەرقېتىم ئاسمانىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، دەھشەتلىك بوران-چاپقۇن كۆتۈرۈلگەندە ئۇ سۈسلاپ ئۆچۈپ قىلىش گىردابىغا بېرىپ قالىسىمۇ، بوران توختاپ، سۈزۈك ئاسمان يۈز ئاچقاندا تېخىمۇ يالقۇنجىدى، لاۋۇلداپ ئۇلغايدى.

تۇرسۇن ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا، ئېگىز سەگۇ تېرەكلەرنىڭ نىرىسىدىكى شېغىل تاشلىق چۆللەرگە، ھەيۋەتلىك ئاق تاغقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاق تاغ چوققىسىدا راستتىنلا بىر مەشئەل لاۋۇلداپ يېنىۋاتقاندەك، مەشئەلنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن دېھقان بالىسى تىقما-تىقما بولۇپ ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر قولىدا قەلەم، بىر قولىدا توپ بار ئىدى. قەلەم ئۇلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندىسە، توپ ئۇلاردا غۇرۇر ۋە ئىشەنچىنى، ھەر بىر كىشى كۆپچىلىك ئۈچۈن، كۆپچىلىك ھەربىر كىشى ئۈچۈن دەيدىغان جەڭگىۋار بىرلىكنى يېتىلدۈرگەنىدى.

تۇرسۇن ئەپەندى ئارقا تەرىپىدىن چىپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق تىۋشىنى ئاڭلاپ سەگەكلەشتى. بىر قېتىم كۈپكۈندۈزدە ئاشۇنداق بىر ئاتلىق ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ ئۇنى چوماق بىلەن ئۇرۇپ يىقىتماقچى بولغان، ئەنەشۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يالغۇز ۋاقىتلىرىدا ئەتراپىدىكى شەپىلەردىن ھوشيار تۇرىدىغان بوپقالدى. ئۇ، يولنىڭ چېتىگىرەك چىقىپ، كېلىۋاتقان ئاتلىققا يول بەردى. ئاتلىق تېز كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ: «تىنىچ-ئامانلىقمۇ موللا ئاكا. مەن سەندىن ئەنسىرەپ بەگنىڭ ئۆيىگە بارسام، سىنى كەتتى دېيىشتى. كەينىڭدىن ئالدىراپ يېتىپ كېلىشىم...»دېگەندىلا تۇرسۇن ئەپەندى كەينىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ مۇشۇ كەنتلىك مۇسا پالۋان دېگەن يىگىت ئىدى. ئۇلار تۇرسۇن ئەپەندىنى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆز قۇلاق بولۇشاتتى.

- تىنچلىق، رەھمەت ساڭا مۇسا، كەلمىسەڭمۇ بولاتتى. ھە، توپخانىدا مۇسابىقە باشلىنىپ كەتكەندۇ؟

سىنى ساقلاپ قىلىشتى، ئەپەندىم ئۆزى باش بولۇپ بەرسە دېيىشىۋاتىدۇ. تېزرەك

ماڭايلى ئەمسە.- ئۇلار ئاتنى قامچىلاپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

ئاپرېل كىرىشى بىلەن چىنباغ ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتتى. باغ ئەتراپىدىكى تىرەكلەر پوتلا تاشلاپ، نازۇك يېشىل يوپۇرماقلارنى چىقاردى.

يول بويىغا تىكىلگەن تۇخۇمەك دەرەخلىرى، قارىياغاچ، سىدە، ئەرمۇدۇن دەرەخلىرى تۇگۇچلىرىنى يىشىپ، خىلمۇ-خىل شەكىللىك يېشىل يوپۇرماقلىرىنى يېيىشتى. يول بويلىرىدىكى بوش يەرلەرگە ياتقۇزۇلغان چىملار يېشىل مەخمەلدەك تاۋلىناتتى. باش باھاردىكى بۇ يىشىللىق كۆزگە ۋاللىدە كۆرۈنۈپ، كۆڭۈللەرنى يايرىتىدىغان بىر خىل پاك، يۇمران يىشىللىق ئىدى.

گىللىئان خانىم كۇنگەي تەرەپتىكى بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ چېچەكلىگىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىكى خۇشلۇقىدىن ھۇزۇرلىنىشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. ئەتىسىلا قورۇدىكى ۋە باغدىكى ئالما، ئۆرۈكلەر غۇچچىدە چېچەكلەپ كېتىشتى.

پاكار، ۋىجىك، مىسرەڭ چىرايى قات-قات قورۇقلار بىلەن تولغان باغۋەن گۈللۈكتە ئىشلەپ يۈرەتتى. ئۇ ئېڭىشىپ تۇپراقتىن ئەمدىلا بىخ يىرىپ چىققان يۇمران مايسىلار بىلەن گەپلىشىۋاتقاندەك بىر نېمىلەرنى دەيتتى. گىللىئان خانىم تەرجىماندىن سوراپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈللەرگە:«تىنچ-ئامان ئۈنۈپ چىقىۋالدىڭلارمۇ بالىلىرىم؟ قورۇقماڭلار ياخشى كۈنلەر ئەمدى كېلىدۇ، ئاپتاپتا ئىتتىك-ئىتتىك ئۆسۈڭلار...»دىگەنلىكىنى بىلىپ نەچچە كۈنگىچە كۈلۈپ يۈردى. باغۋەن كونسۇلخانىدىكى چەت ئەللىكلەرگە ئۆزىچە ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى قويىۋالاتتى ۋە شۇنداق چاقىراتتى، بۇ ئىسىملار بارا-بارا ئومۇملىشىپمۇ قالاتتى. ئۇ گىللىئان خانىمنىڭ مارگارېتا دېگەن ئەسىمنى ئېغىزغا كەلمەيدىكەن، دەپ ياراتماي،«مەريەمخان دەپ چاقىراتتى. گىللىئان ئەپەندىنى جىلىلئاخۇن، كونسۇلخانىغا تولا كېلىدىغان ئىسمى بەكمۇ مۇرەككەپ قىرى مىسسىئونېرنى «گىلدىڭباش ئەپەندى» دەيتتى. گىللىئان خانىم ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرىگە ئامراق ئىدى.

گىللىئان خانىم باھار مەنزىرىسىدىن ئىلھاملىنىپ بوگۇنگە چاقىرىپ قويغان مېھمانلارنى باغدا كۇتمەكچى بولدى. خىزمەتكارلار ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سېپىل تەرەپتىكى چوڭ بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ ئاستىغا ئۇستەل-ئورۇندۇقلارنى تىزدى. ئۇستەلگە پاكىز ئاق داستىخان سېلىپ، سالىفىتكا، تەخسە، ۋىلكا-قوشۇق، رۇمكىلارنى تىزىپ تەييار قىلدى. لوندۇندىكى داڭلىق ئۇستىنىڭ قولىدىن چىققان سۇس كۆلرەڭ شىم-كاستومنى كىيىپ، گالستۇك تاقىغان كونسۇل گىللىئان ئەپەندى بىلەن ياقا ۋە مەيدىسىگە تور تۇتقان، ئۆرە ياقىلىق ئاق كوپتا، ئۇزۇن قاتلاق يوپكا كىيگەن، مۇ. رىسىگە نېپىز تورنى يېپىنچا تاشلاپ، سىرىق چىنگىلەك چاچلىرىنى ئارقىسىغا تۇرىۋالغان گىللىئان خانىم مېھمانلارنى قىزغىن كۇتىۋېلىپ، ئىنگلىز پاسونىدىكى ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارغا باشلىدى. بوگۇنكى مېھمانلار ياردەمچى كونسۇل شىرىف ئەپەندىدىن باشقا كونسولخانىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولغان شىۋىتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار ئۆمىكى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى يوھان. ئاندىسىن ئەپەندى، شېۋىتسىيىلىك مىسسىئونېر، داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس راكويتىس ئەپەندى، ئەنگىلىيىلىك ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان 1-دۇنيا ئۇرۇشى جەڭ مەيدانىدىكى قانداقتۇر كەچۈرمىشلىرى تۈپەيلى ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىيدىن قول ئۇزۇپ، تەقۋادار خىرىستىئانغا ئايلانغان، ئەنگلىيىدىكى راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشنى تاشلاپ قەشقەرگە كېلىپ شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى ئۆمىكىدە دىن تارقاتقۇچى بولغان مان ئەپەندى، يەنە شۇ شىۋېتسىيىلىكلەر بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ئەنگىلىيىلىك رىچىر خانىم، ئەنگىلىيىلىك ساياھەتچى ۋە مۇخبىر مېچىل ئەپەندى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تەڭرىتاغلىرىكى ئۆسۈملۈكلەرنى تەكشۈرۈپ تۇرگە ئايرىش خىزمىتى بىلەن كەلگەن ئۆسۈملۈكشۇناس فىرانك. لودىلو، ھىندىستان ئارقىلىق قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە لېيتىنانتى گىرگىسېن ۋە ئۇنىڭ خانىمى، ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىن ئۈچ كىشىمۇ بار ئىدى .

مېھمانلار جايلىشىپ، ئۆزئارا تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن، تېزلا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى مۈشەقەتلىك يوللارنى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنگەن شوتلاندىيە ۋىسكىسى، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ قاتمۇ-قات قائىدە يوسۇنلىرى، تىرىكچىلىك غېمى، رىقابەتلىرىدىن يىراق، رىۋايەت تۈسى قويۇق بۇ قەدىمى شەھەر، ئەتراپتىكى ئۆزگىچە باھار مەنزىرىسى، ھەممە يەرنى قاپلىغان چېچەكلەرنى ئارلاپ ئۇچۇپ يۈرۈشكەن ھەرە-كېپىنەكلەر.... مېھمانلار ۋە ساھىپخانىنىڭ كەيپىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغان لوندون ۋە نيۇ-يورك توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەردىن كېيىن ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسى تەبىئىي ھالدا كونسۇلخانا مەنزىرىسى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا، شىۋىتسىيىلىك مىسسىئونېر، ۋىراچ ھەم ئارختېكتور خاۋگىرىگىنىڭ لايىھىلىشى، قەشقەرلىك تامچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا سېلىنغان كۆركەم ۋە ئەپلىك كونسۇلخانا ئىمارەتلىرى، بۇ ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغان قەشقەردىكى تۇنجى كونسۇل ماكارتنىي ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ئۇلارنىڭ يېقىن دوستى- نىمىشقىدۇر قەشقەردە ئۇزاق يىللاپ ئۆزى يالغۇز ياشاپ، ئاخىرى يەككە-يېگانە ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن ھوللاندىيىلىك مىسسىئونېر ھېندىرىكسقا يۆتكەلدى. كۆپ يىلدىن بۇيان بۇ كونسۇلخانىغا كېلىپ كەتكەن خىلمۇ-خىل ئادەملەر، بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقەلەر ئەسلەندى. ئولتۇرغانلار ئىچىدە راكويتىس ئەپەندى قەشقەرگە ھەممىدىن كونا ھېسابلىناتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئاۋرېل. ستەيىن، سۋېن ھېدىن، گېرمانىيىلىك فون. لېكوك، ئامېرىكىلىق لاتىمور قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان تەسىراتىنى قىزىقارلىق سۆزلەپ كۆپچىلىكنى جەلپ قىلىۋالدى. بولۇپمۇ 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا مىقياسىدا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە ئاسار ئەتىقىلىرىگە كۆچلۈك قىزىقىش كۆتۈرۈلگەن، ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن ئارخېئولوگ،

ئېكىپېدىتسىيىچىلەرنىڭ قەدىمىي خارابىلىقلاردىن قازغان ۋە يەرلىك كىشىلەردىن سېتىۋالغان ھەددى-ھېسابسىز مەدەنىيەت مىراسىنى ساندۇق-ساندۇقلاپ ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا خوتەنلىك كىتابپۇرۇش ئىسلام ئاخۇننىڭ چەتئەللىكلەرنى قانداق كولدۇرلاتقانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە ھەممەيلەنگە قاتتىق تەسىر قىلدى .

ئاشۇ يىللاردا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى ماكارتنىي، رۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىي ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايىدىن كەلگەن ئارخېئولوگلار ئىسلامئاخۇننىڭ قولىدىن نامەلۇم قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان، سارغىيىپ، چىرىپ كەتكەن ھۆججەت، كىتابلارنى سېتىۋالدۇ. بۇ كىتابلار كالىكۇتتا، سان-پېتېربۇرگ، لوندون، پارىژنىڭ كىتابخانا ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا پەيدا بولدۇ. دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئالىم بۇ« قەدىمكى يېزىق» نىڭ مەنىسىنى يېشىش يولدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىدۇ. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى سىر رودولف. خوئىنلى بۇ «قەدىمكى يېزىق» ئۈچۈن قىممەتلىك بەش يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ كىتابلارنىڭ ئىجادچىسىنىڭ ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر ئۇششاق تىجارەتچى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ستەيىن يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە خوتەن ئامبىلى فەن دارىننىڭ يادىمىدە ئىسلام ئاخۇن بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۇستىلىق بىلەن ئەيىنى يىللاردا ئۆزىگە سېتىپ بەرگەن كىتابلارنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا گەپ ئالىدۇ. ئەسلىدە ئىسلامئاخۇن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى خوتەن قەغىزىنى توغراق يىلىمىنىڭ سۈيىگە چىلاپ سارغايتقاندىن كېيىن قەغەزنى كونا كىتابقا ئوخشاش كېسىپ، تۈپلەپ، خەتكە ئوخشاش بىر نېمىلەرنى سىزىپ قويىدىكەن-دە، سۇۋەتكەسىلىپ ئوچاقنىڭ مورىسىغا بىر-ئىككى ئايغىچە ئېسىپ قويىدىكەن.... دۇنيادىكى نى-نى ئالىم، ئارخېئولوگنى نەچچە يىللاپ قايمۇقتۇرغان بۇ« قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان كىتابلار »نىڭ بارلىق كېلىش جەريانى ئەنە شۇنداق ئاددىي مۇكەممەل ئىكەن.

بۇ ۋەقەگە قارىتا سورۇندىكىلەرنىڭ ئىنكاسى ھەرخىل بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ دىن تارقاتقۇچىلا بۇ يەردىكى ئاھالىنى چۈشكۈن، خۇراپىي دىنى ئاسارەت ئىلكىدە گۇناھقا پېتىپ ياشاۋاتقان دوزىخىلار، دەپ بىلگەنلىكتىن ئىسلام ئاخۇنىنىڭ قىلمىشىنى كەچۈرگۈسىز ئالدامچىلىق دەپ ئەيىبلەشتى. لىتنات، مۇغبىر ۋە جۇغراپىيىشۇناسلار: ئۇ ھەقىقەتەن تالانتلىق سودىگەر ئىكەن، دېدى. راكويىتس ئەپەندى ئۆزى يىغىپ توپلىغان بىر نەچچە كوپلىت ئۇيغۇرچە قوشاق ۋە ماقال تەمسىلنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندە بولسا ھەممەيلەن ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇشتى. گىللىئان خانىم ھەممىدىن ھاياجانلىنىپ :

بىز ئۇلارنىڭ ھىسياتىنى ھېچقانچە چۈشەنمەيمىز. مېنىڭچە، ئۇلار بىز ئويلىغاندەك نادان ئەمەس. يەنە بىرى، سىلەرمۇ دىققەت قىلدىڭلارمىكىن، ئۇلاردا تۇغما ئىسىل سۈپەتلىك بار. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى، بوۋايلىرى نېمىدېگەن سالاپەتلىك ھەم مەردانە، ئايالىرى نېمىدېگەن سۇلكەتلىك. ئۇلاردا گۈزەللەر بەك كۆپ. ئۇلارنىڭ ناخشا-مۇزىكىللىرى، ئۇسۇللىرىمۇ بەك گۈزەل... ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ، نىرىدىكى گۈللۈكتە ئىشلەپ يۈرگەن باغۋەننى كۆردى-دە سۆزىنى داۋام قىلدى:- ئاۋۇ قىرى ئادەم دائىم گۈللەر بىلەن، ھايۋانلار بىلەن گەپلىشىدۇ. يىگى ئۇنۇپ چىققان مايسىلارغا قاراپ:« تىنچ-ئامان ئۇنۇپ چىقالىدىڭلارمۇ؟ ئەمدى قورۇقماڭلار، مەن بار» دەيدۇ. ماڭا بۇگەپلەردە چوڭقۇر شىئىرى مەنە باردەك تۇيۇلىدۇ....

ياش ھەم جۇشقۇن ياردەمچى كونسۇل ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى :

ئىنچىكە كۆزەتسەك، بۇ ئادەملەردە ھەقىقەتەن بىر خىل سۈپەت بار. ئۇلار ھەم بەك ئەقىللىق، ئەمما ئۇلارنى چۈشەپ تۇرغان نەرسىلەر بەك كۆپ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ھەم ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى بايقىيالمىغان ھەم ئۇنداق شارائىتمۇ يوق.

ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە. بىر قەدىمى مىللەت سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مەلۇم ئالاھىدە

تەرەپلەر مەۋجۇد.- دەپ سۆزىنى قاتتىق ئاندىسىن ئەپەندى،- لېكىن نىمىشقىدۇر ئۇلاردا ۋەتەن، مىللەت ئېڭى يوق، بۇلار ناماز ئوقۇش بىلەن قورسىقىدىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدۇ. مىللىتىنىڭ نېمە دېسە، مەن مۇسۇلمان ياكى قەشقەرلىك، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ياۋاش، ئىتائەتمەن كېلىدۇ. بۇ ئاالاھىدىلىكى بىلەن ئۇلار باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشقىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ .

مەن قەدىمى قەشقەرلىكلەر بىلەن شىۋىتسىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر باغلىنىش بارلىقى توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان،- دېدى مۇخبىر ھەم ساتاھەتچى مىچىل ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ، - شىۋىتسىيىلىك مىسسىئونىرلارنىڭ مۇشۇنداق جاپالىق جايدا، يەرلىك كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلىك بىلەن قارشى ئاستىدا شۇنچە كۆپ ئىشنى قىلىشى ئەنە شۇ قەدىمى رىشتىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ، قانداق؟

--- بۇ رىۋايەت ئەمەس،- دېدى راكويتىس ئەپەندى،- دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى يىل نامىلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسكارىت دېگەن شەھەردىن كۆچۈپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بولغان، بەزى ئالىملىرىمىز بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىپ مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان. ئەمما بۇ ھېچ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. تەكلىماكان قۇملىقى بىلەن شىمالى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدا پەرق قانچە زور بولسا، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن شىۋىتسىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ شۇنچە زور.

ھىندىستانلىق ئاشپەز ئوخشىتىپ ئەتكەن پۇدىڭنىڭ داستىخانغا كېلىشى بىلەن پاراڭنىڭ تېمىسى ئۆزگەردى. ئۇلار گىلئان خانىمنىڭ مول داستىخىنى ۋە مېھمان دوستلىقىنى مەدھىيلىشىپ تاماقتا تۇتۇش قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن خىلمۇخىل پاراڭ تازا قولاشمىدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندا بۈگۈنكى بۇ سورۇندا ناھايىتى ئاز سۆزلەپ، تارتىنىپ ئولتۇرغان سىرىق چاچ، ياشقىنا جۇغراپىيىشۇناس:

--- مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدىن ناھايىتى مەمنۇنمەن،- دەپ سۆز باشلاپ قالدى،-

شىنجاڭنىڭ تاغلىرى كارامەت ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىكەن، ئادەمدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت قوزغايدىكەن. تەكلىماكان قۇملۇقى ماڭا مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ھالىتىدە دېڭىزنى ئەسلەتتى. بەلكىم ئۇ تېخىمۇ سەلتەنەتلىك، سىرلىق يەنە بىر خىل دېڭىزدۇر. مەن بۇشۇنداق بىر زېمىندىن يارىماس جەلىقنىڭ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مېنىڭچە، ئۇلار ھامان بىر كۈنى ئويغىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇپ يېتىدۇ .

كۆپچىلىك مۇرەككەپ خىياللار ئىلكىدە بىدەم جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى ئارىدىن كىمدىن بىرى:

--- مۇمكىن ئەمەس، بۇ خەلق مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ئويغىنىدۇ دېگەندىمۇ، بۇنىڭغا يەنە ئاز دېگەندە مىڭ يىل بار،- دېدى.

--- كەچۈرۈڭلار، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل باھار مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنايلى، مۇزىكا ئاڭلايلى، تانسا ئوينايلى....

گىلليئان خانىم چەتتىكى ئۈستەلگە قويۇلغان پاتىفۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان«باھار ساداسى» دېگەن ۋالىس مۇزىكىسىنى قويدى. تونۇش-گۈزەل مېلودىيە، يەر-جاھاننى قاپلىغان ئاپئاق چېچەكلەر، زەڭگەر ئاسماندا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۈزۈپ يۈرگەن يۇپقا بۇلۇتلار مېھمانلارغا ئۆزلىرىنى خۇددى ۋىنا شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىقلاردا سەيلە قىلىۋاتقاندەك خىيالى بىر تۇيغۇ بەخش ئەتتى. گىلليئان ئەپەندى بىلەن خانىمى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لىيتىنانىت بىلەن ئۇنىڭ ياش، چىرايلىق خانىمى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ۋالىس ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ يەڭگىل ئايلىنىشقا باشلىدى. شىرىف ئەپەندى بىلەن رىچىر خانىمىمۇ ئولتۇرالماي ئوتتۇرىغا چۈشمەكچى بولۇشتى.... دەل شۇ پەيتتە، سېپىلنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر ئۇيغۇر ئەركىشىنىڭ ياڭراق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ پاتىفۇن ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. ئۇ قوپال، سەل غاژ-غۇژ، ئەمما جەلپكار ئاۋاز خۇددى ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك يوچۇن، ساددا، ئەمما خىللا يېقىملىق بىر ئاھاڭغا جىنىنىڭ

بارچە تۈۋلايتتى....

تانسا ئويناۋاتقانلارمۇ، ئويۇنماقچى بولىۋاتقانلارمۇ توختاپ قالدى. ھەممەيلەن ئىختىيارسىز باشلىرىنى بۇراپ ئاشۇ ناخشىغا قۇلاق سالدى. سېپىل كەينىدىكى يولدىن ئېشەك مىنىپ كېتىۋاتقان يولۇچى ياكى كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ بىرەر دېھقان ئېيتقان بۇ ناخشا ئۇلارغائۆزلىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىپ، ئۇلارنى رېئاللىق قوينىغا قايتۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

باھاۋۇدۇن ئەپەندى ئىكساققا كەلدى. ئۇ كېلىدىغان كۈنى يۇرۇت مۆتىۋەرلىرى، ئېكساق خەلقى، «ھۈسەينىيە»نىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىدىن يۈزدەك كىشى قايراقنىڭ يۇقۇرسىغىچە بېرىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. كۈتۈۋېلىشقا ماڭغان خەلق توپىنىڭ ئالدىدا فورما كىيگەن پۇتبول كوماندا ئەزالىرى مارشقا دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى باشلاپ ماڭغىنى توپ سىلىنغان خالتىنى بويىنىغا ئاسقان كېرەم توپچى ئىدى. شۇ تاپتا پۈتكۈل يۇرۇت خەلقىگە باش بولۇپ ماڭغىنىدىن ئىپتىخارلىنىپ، ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايى ئانارەدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۆز ئانىسىلا ئەمەس، مەھەللىدىكى ھەممىلا ئادەم دىگىدەك نامىزىدا نامىنى ئاتاپ دۇئا قىلىدىغان، بۇ يۇرۇتكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بۇ ئۇلۇغ ئادەمنى كۆرۈش ئارزۇسىدا يۈرىكى تېپچەكلەپ قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقاتتى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بىرى باھاۋۇدۇن باينى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ يۇرۇتتىكى ھەر بىر كىشىگە ئوخشاش باھاۋۇدۇن باينىڭ نامى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى، كەنتتە، كەنتتىكى ھەربىر ئۆيدە، «ھۈسەينىيە» دە باھاۋۇدۇن باي بىلەن باغلىنىشلىق بولغان نۇرغۇن ئىش بار ئىدى.

ئىلگىرى ئېكساق تەۋەسىدىكى كىشىلەر سۇ ماجىراسى تۈپەيلى جەڭگى-جىدەل، ئاداۋەت ئىچىدە ياشايدىكەن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى باھاۋۇدۇن باي ئوتتۇرىغا چىقىپ: بىر يۇرۇتلۇق، قان-قېرىنداش تۇرۇپ، خۇدا

بەرگەن سۈنى نېمە ئۈچۈن باي-كەمبەغەل دەپ ئايرىماي، سىنىڭ-مىنىڭ دېمەي تەڭ ئىشلەتمەيمىز؟-دەپ كەنتتىكى يەر ۋە ئائىلىلەرنى رەتكە تىزىپ، سۈنى نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپتۇ. ئەڭ ئادىل، ئەڭ قاتتىق قول كىشىلەرنى مىرابلىققا تاللاپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ تۈزۈم بۇزۇلماپتۇ، ئىكساقتا سۇ ماجىراسىمۇ يوق بەرمەيدىغان بوپتۇ.

ئىلگىرى بۇ يۇرتتا يېتىم-يېسىر، يوقسۇل كىشىلەر پۇلغا موھتاج بولغاندا جازانىخورلاردىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشقا مەجبۇر ئىكەن. شۇ تۈپەيلى نۇرغۇن ئادەم ۋەيران بولۇپ كەتكەنىكەن. باھاۋۇدۇن باي بىلەن ھۇسەيىن باي چەتئەللەرنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن ئىكساقتا«ۋاردات»ۋە«جامائەت ئىسكىلاتى»نى قۇرۇپتۇ. خەلقنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدىكى ئىسقاتىنىڭ يېرىمى، سودا شىرىنكانىسىنىڭ يېرىمى ھەشەمەتلىك توي قىلغانلارنىڭ«ياغلىق پۇلى»، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغانلاردىن ئېلىنىدىغان جەرىمانىلار« ۋاردات» قا يىغىلىدىكەن. خەلقنىڭ ئۆچرە-كەپسەنلىرى بولسا جامائەت ئىسكىلاتىغا تۆكۈلىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن«ۋاردات» ھاجەتمەنلەرگە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرىدىغان، قەرزنى تۆلىيەلمىسە، ئاجىز يوقسۇللارنىڭ قەرزنى كۆتۈرۋېتىدىغان، ھەتتا قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى يۆلەيدىغان بوپتۇ. جامائەت ئىسكىلاتىغا يىغىلغان ئۆشرە كەپسەنلەر بولسا مەكتەپلەرگە ئىشلىتىلىپتۇ. باھاۋۇدۇن باي جۇمە نامىزىدا ۋە ھەرخىل سورۇندا تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە تىجارەت يوللىرى تونۇشتۇرۇپ، كىشىلەرنى تېجەشلىك ئىقتىسادچىل ياشاشقا، پاكىزلىققا، توي-تۆكۈن، نەزىر – چىراقلارنى ھەشەمەتلىك قىلماسلىققا، بالىلارنى بىلىملىك، ھۈنەرلىك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەش، قىز-ئاياللارنى ئاسراش، ئىلىم ئىگىللىرى ۋە سەنئەتكارلارنى قەدىرلەش، ھۆرمەتلەشكە ئۈندەيدىكەن. ھۇسەيىن باي، باھاۋۇدۇن بايدەك چەتئەللەردە نى-نى زاۋۇتلىرى بار كىشىلەرگە قانچىلىك ھەشەمەتچىلىك قىلسا ياراشقان بولاتتى-ھە. ئەمما ئۇلار

پەرزەنتلىرىگە مۇۋاپىق لايىق چىقىسىلا بىر قازان ئاشنى ئېتىپ، تۆت ئادەمنى چاقىرىپلا نىكاھ ئوقۇتۇپ قويىدىكەن. مال-دۇنياسىنى كۆز-كۆز قىلىشنى زادى راۋا كۆرمەيدىكەن، نېمىشقا ئۇدۇنيادىكى بايلارنىڭ ھەممىسى شۇلاردەك بولمايدىغاندۇ-ھە....

كىرەم توپچى بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان خىياللىرنى يىغىپ،«گۇس-گۇس» دەسسەپ كېتىۋاتقان ھەمراھلىرىغا بويۇنداپ قاراپ قويىدى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا ۋىلىلداپ تۇرغان بىر ھاياجان-خۇشلۇقنى كۆرۈپ، مەيدىسىدىكى توپنى ئىختىيارسىز چىڭ باستى. يېقىنقى كۈنلەردىن بىرى يۇرۇت بېگى، ئىمان-ئىشانلار «يېڭى مەكتەپنىڭ باللىرى پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇسا ئوقۇسۇن، ئەمما ھېلىقى شەيتان توپنى ئويناپ، ئادەم يىغىپ يۇرۇتنى پاراكەندە قىلمىسۇن» دېيىشىپ مەكتەپكە بىسىم ئىشلەتكەنلىكنى، ھەتتا، بەزىلەرنىڭ قەشقەردىكى ئۆمەر باي، دوتەيلەرگىچە ئەرز قىلغىنىنى، مەكتەپكە قوراللىق شىرىكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇزۇن قارا تاۋار چاپان كىيگەن ئەلپازى بۇزۇق ئەمەلدارلارنىڭ كەلگەنلىكىنى .... كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھېلىلا خوشلۇق ئىچىدە تېپىچەكلەپ تۇرغان كۆڭلىگە بىر غەشلىك سايە تاشلىدى.«توپتا نېمە گۇناھ؟ توپ ئوينىغاننىڭ گۇناھى نېمە؟ بولۇڭ-پۇشقاقلاردا ئوشۇق ئويناپ، نەشە چېكىپ يۈرسەك بولامتى ئەمسە«!

كىرەم توپچى ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ ھەمراھلىرىغا يەنەبىر قارىدى. ۋۇجۇدىدىن جۇشقۇنلۇق، چىرايلىرىدىن نۇر تېمىپ تۇرغان بۇ باللار مەدرىسەلەردىكى باللاردىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنەتتى. يول ماڭسا قەددىنى تىك تۇتۇپ روھلۇق ماڭاتتى. مۇئامىلىدە دادىل، ئوچۇق-يورۇق، سۆزلىرى چاقماقتەك ئىدى. بىر قېتىم بۇ يېزىغا كەلگەن بىر چەتئەللىك ئۇلارنىڭ مەشىق، مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈپ:«ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ ئاسىيانىڭ ئىچكىرىدىكى بۇ چەت يېزىدا بۇنچىۋالا ئومۇملىشىپ كېتىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىكەنمەن. پۇتبول بۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئاجايىپ بىر جۇشقۇنلۇق ئەكەپتۇ» دەپ ھەيرانلىق ۋە قايىللىقىنى ئىپادىلىگەن

ئىدى. تۇرسۇن ئەپەندى ئەجەب توغرا ئېيتتى: توپتا گۇناھ يوق، توپ ئويناشتا گۇناھ يوق! گۇناھ ئاشۇلاردا، يېڭىلىقنى، تەرەققىياتنى كۆرەلمەيدىغان، ئاللىقانداق رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن خەلقنى مەڭگۈ ئىتائەتمەن، نادان ھالىتىدە قالدۇرۇشتا ئويلايدىغانلاردا. توپنى ئوينىغىنىمىز ئويناغان. پۇتبولنى ئىككىسىنى ئىكسىاقا ھاشىم بالخان بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىم ئەكىرگەن. باھاۋۇدۇن ھاجىم ئىككىسىنىڭ پۇتبول ھەرىكىتىگە باشتىن ئاياغ كۆڭۈل بۆلگەن، يانتاياق بولغان. بۇقېتىم بىز ئۇزاتقان ئاشۇ ئەجىرنىڭ بىكارغا كەتمىگىنىنى بىلدۈرۈپ قويايلى. روھلۇق-جۇشقۇن ھالىتىمىز، ئەڭ يۇقىرى ماھارىتىمىز بىلەن ئۇنى خۇشال قىلايلى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەيلى.......

توپ ئىچىدە بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن غۇلغۇلا كېرەم توپچىنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ، كىشىلەر«كەلدى، كەلدى!»دېيىشىپ كۆرسىتىۋاتقان تەرەپكە قاراپ، بىر نەچچە ئاتلىق كىشىنىڭ ۋە ئۈچ ئاتلىق بىر مەپىنىڭ دوقمۇشتىن قايرىلىپ چوڭ يولغا چۈشكەنلىكىنى كۆردى.

خەلق توپى داۋالغۇپ كەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن يۇرۇت چوڭلىرىدىن بىر نەچچىسى ئىتتىگىرەك مېڭىپ ئىلگىرىلەپ كېتىشتى. بىر قىسىم ياشلار بىلەن ئۇششاق باللار ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئالدىغا ماڭغانلارنى كۆرۈپ مەپە توختىدى. باھاۋۇدۇن ھاجىم باشقىلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي مەپىدىن چۈشۈپ جامائەت بىلەن سالاملاشتى. گاھىلىرى بىلەن قول سىقىش ياكى قۇچاقلىشىپ، مۇرە قىقىشىپ كۆرۈشتى. كېيىن قارشى ئالغۇچىلار بىلەن بىللە ئاستا خەلق توپى تەرەپكە قاراپ كەلدى.

كېرەم توپچى كوماندا ئەزالىرىغا سەپنى بۇزماسلىقنى جېكىلەپ، مەكتەپ ناخشىسىنى باشلىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا تېزلا ئەگىشىپ كەتتى. توپچىلارنىڭ بىر خىلدىكى قەددەم ئاۋازى بىلەن ياڭراق ناخشا ساداسى باھار تۈسىنى ئالغان دالىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

چەكە چاچلىرى ۋە ساقاللىرى ئاقارغان، جۇدەپ، ئاجىزلاپ قالغان بولسىمۇ كۆزلىرىدى پاراسەت، مېھرىبانلىق نۇرى چېچىلىپ تۇرغان، كىيىنىشى ئاددىي، ئەمما يەنىلا شۇنداق سۆلەتلىك، مېھرى ئىسسىق باھاۋۇدۇن باي خەلق توپى ئالدىغا كېلىپ:

- ئەسسالام خەلقىم!-دەپ چوڭقۇر باش چۆكۈرۈپ تەزىم قىلدى. باينىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر نەچچە قىرى ئايال ھۇ تارتىپ، قوشاق قېتىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئاق ساقاللىق ئىككى مويسىپىت ئىتتىك بېرىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا كىرەم توپچى باينىڭ قارا كۆزلىرىگە ياش تولغانلىقىنى كۆردى. كىرەم توپچىنىڭ باشلامچىلىقىدا پۇتبولچىلار بايغا ياڭراق ئاۋازدا سالام بەردى. قاتار تىزىلىپ تۇرغانبىر-بىردىن چىرايلىق، چاققان چەبدەس باللارنى كۆرۈپ باينىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ، پۇتبول كوماندىسىدىكى ھەر-بىر بالىنى بىر-بىرلەپ باغرىغا بېسىپ:«كىمنىڭ ئوغلىسەن بالام؟» دەپ سوراپ، پىشانىلىرىگە سۆيدى. جامائەتنىڭ توسقىنىغا قارىماي توپچىلار قاتارىدا خىلى يەرگىچە پىيادە مېڭىپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ھىندىستان، تۈركىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بىر مۇنچە چوڭ شەھەرگە بارغانلىقىنى، بارغان يىرىدىكى مەكتەپلەردە كۆرگەنلىرىنى، گېرمانىيە، تۈركىيىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ئۆزى كۆرگەن پۇتبول مۇسابىقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭغان باللار ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ، ئىسىدە مەھكەم تۇتۇشقا تىرىشتى. دەرۋەقە، باھارنىڭ ئاشۇ چىرايلىق، ئىللىق بىر كۈنى شۇ مەيداندىكى باللارنىڭ خاتىرىسىدە ئۆمۈرۋايەت ساقلىنىپ قالدى .

باھاۋۇدۇن باي شۇ كۈنى ھېرىپ چارچىغىنىغا قارىماي ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە «ھۇسەينىيە»گە بېرىپ، ھەزرىتى ھەبىپ ئەجەم مازىرى يېنىدىكى دادىسىنىڭ تۇپرىقىنى يوقلىدى، مەسچىتتە بىر رەكەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ، دېھقانلار كوماندىسى بىلەن «ھۇسەينىيە» كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۆردى. بۇ، 1927-يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيى

بولۇپ، باھاۋۇدۇن باي شۇ يىلى 77ياشتا ئىدى.

ئېكساق تېپتىنىچ كىچىككىنە كەنت ئىدى. ئۇ يەر-بۇيەردىكى قويۇق ئۈرۈكلۈك، شاپتۇل، ئۈزۈملۈك باغ ئىچىگە سىڭىنغان كىسەك تاملىق ئاددىي ئۆيلەردە كىشىلەر خاتىرجەم ياشايتتى. كەنت مەركىزىدىكى مەسچىتتىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئىمىن مەزىنىنىڭ مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى بىلەن «ھۆسەيىنىيەدىكى بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقان جاراڭلىق ئاۋازىلا كەنتنىڭ جىمجىتلىقىنى ئاندا-ساندا بۇزۇپ تۇراتتى. بەزى-بەزىدە ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىكى ياپپېشىل قوناقلىقتىن ئاڭلىنىپ قالىدىغان ھەسرەتلىك ناخشا ئاۋازى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتەتتى-دە، جىمجىتلىق يەنە ئەسلىگە كېلەتتى. كۈنلەر بىر خىلدا تىنچ ئۆتەتتى.

باھاۋۇدۇن باينىڭ كېلىشى بىلەن ئېكساقنىڭ زېرىككەكلىك، جىمجىتلىق بۇزۇلدى. ئېكساقتىن قەشقەرگە، ئاستىن ئاتۇشقا، ئۇلۇغچات تاغلىرىغا تۇتاشقان يوللاردا ياسىداق مەپىلەر، ئېسىل ئاتلارنىڭ قوڭغۇرىقى توختىماي جىرىڭلاشقا باشلىدى. باھاۋۇدۇنباينىڭ ئىغىل، ھويلىلىرى، ئىشىك ئالدى مەپىلەر، نەسىللىك ئاتلار بىلەن تولۇپ تۇراتتى. مېھمانلىرىنىڭ ئىچىدە مۇسا بايلارنىڭ قەشقەردىكى، يېقىن-يىراق ناھىيەلەردىكى ۋە چېگرا بويلىرىدىكى سودا ۋاكالەتخانىلىرىنىڭ خادىملىرى، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرى، ئەتراپتىكى يۇرتلارنىڭ ۋە قەشقەرنىڭ يۇرت چوڭلىرى، ئىلىم ئەھلى، ئۆلىمالار، داڭلىق تېۋىپلار بار ئىدى. كەلگۈچىلەر ئۇزاق ھايال بولمايتتى. بايمۇ ئۇلارنى ئارتۇقچە تۇتۇپ كەتمەيتتى، ساقلىقى يوقلىقى تۈپەيلى ئۇلارنى ئۇزىتىپمۇ چىقمايتتى. پەقەت بىرلاقېتىم باھاۋۇدۇن باي بىر مېھماننى ساق بىر كۈن تۇتۇپ قالدى. ساھىبخانا بىلەن مېھمان ئىنتايىن بېرىلىپ قانداقتۇر ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشتى، سىردىشىپ مۇڭدىشىشتى. ئاخىردا مېھماننىڭ توسقىنىغا قارىماي ئۇنى كوچا بېشىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مېھمانمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا خوشلاشتى. بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى

ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم مەشھۇر پېداگوگ، ژورنالىست ھەم يالقۇنلۇق شائىر قۇتلۇق شەۋقى ئىدى.

باھاۋۇدۇن باي مەكتەپنى بىر كۈنمۇ ئىسىدىن چىقارمايتتى. ساقلىقى ياخشى بولۇپقالغان كۈنلىرى ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ۋاقتىدا، بەزىدە دەرس ئۆتۈلۈۋاتقان چاغلاردا ھاسىغا تايىنىپ مەكتەپتە پەيدا بولاتتى. بىردەم- يىرىمدەم ئولتۇرۇپ مۇئەللىملەرنىڭ دەرسىنى ئاڭلايتتى. ئوقۇغۇچىلارنى خەت يازدۇرۇپ، خەتنى چىرايلىق، توغرا يازغان باللارنى كۆرسە بەك خۇشال بولۇپ ماختاپ كېتەتتى. يىتىم-يېسىر، نامرات باللارنى كۆرگەندە ئىچ ئاغرىتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. بەزىللىرىگە ئۆزى يېنىدىن چىقىرىپ پۇل، كىيىم-كىچەك تارقىتىپ بەرسە، بەزىلىرىگە جامائەت ئىسكىلاتى، «ۋاردات»ئارقىلىق ياردەم قىلاتتى. تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ھارۋۇدا ئولتۇرۇپ مەھەللىلەرنى ئىتىز-ئېرىقلارنى ئارلاپ، چوڭلاردىن كىملەرنىڭ ۋاپات بولغىنىنى، كىشىلەرنىڭ تىرىقچىلىق ئەھۋالىنى، تىرىكچىلىك يوللىرىنى سۈرۈشتۈرەتتى. كىم بىلەن كىمنىڭ قۇدا باج بولۇشقىنىنى، كىملەرنىڭ كۆكلەپ كىملەرنىڭ خاراب بولغانلىقىنى چوڭقۇر خىيال ئىچىدە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. تۇمىقىنى قولغا ئېلىپ، ئاق تاغقا ئوخشاش بېشىنى سىلاپ، كۆزنى يىراقلارغا تىكىپ سۆزلەيتتى:

ئۆمۈرۈمنىڭ كۆپ قىسمى ياقا يۇرۇتتا ئۆتۈپتۇ، كۆپ ئەلنى كىزىپتىمەن، بايۋەچچە، باي، ھاجى ئاتىلىپ راھەت-پاراغەتتە، ئىززەت-ھۆرمەت ئىچىدە ياشاپتىمەن. لېكىن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن مۇشۇ ئالىقانچىلىك يەرنى ھېچ يەرگە ئوخشاتمىدىم. ئانىلىرىمىز سامان قالاپ ئەتكەن ھەمەك نان، زاغرىلارنى، ئاياللىرىمىز ئەتكەن قۇيماقلارنى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېردىن تاپالمىدىم. ئاشۇ يۇرۇتلاردا يۈرۈپ ئاتۇشلۇقمەن، ئىكساقلىقمەن دېگەن ئادەم كۆزۈمگە دادامدەك كۆرۈندى. چۈش كۆرسەم دائىم ئاق تاغنى چۈشىدىم، دائىم يۇرۇتىمغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، دەپ پۇچۇلىنىپ يۈردۈم. ئەمدى ئويلاپ باقسام «ھۆسەيىنىيە» نىڭ ۋەزنى

ئۆمـۈرۋايەت تاپقـان مـال-دۇنيايىمىزنىـڭ ۋەزنىـدىن ئېغىـر ئىـكەن. ئاتـا-بوۋىلىرىمىزنىـڭ يۈزى«ھۆسەيىنىيە» بىلەن يورۇق بولىدىكەن. دادام رەھمەتلىكنىـڭ بىـر تەرىـپىگە ھەزرىتـى ھەبىب ئەجەمنى، بىر تەرىپىگە«ھۆسەيىنىيە»نى ئىلىپ يېتىشمۇ بىكار ئەمەسكەن....

كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، مۇشۇ قېتىم كەتسەم ئاتۇشقا يەنە بىـر كىلىش يـوق ماڭـا. شـۇڭا ساڭا قىلىدىغان ۋەسىيىتىم شۇ بالام:«ھۆسەيىنىيە» خاراب بولمىسۇن...

تۇرسـۇن ئەپەنـدى باينىـڭ سـۆزلىرىنى ئـۇن-تىنـسىز ئـاڭلايتتى. ئـۇ ۋەدە بەرمـىگەن، چىرايلىـق گەپلەرنـى قىلمىغـان بولـسىمۇ يـۈز سـۆڭەكلىرى قوپـال، قـارامتۇل كەلـگەن بـۇ ئەزىمەتنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئىپادىلەردىن باھاۋۇدۇن باي غايەت زور ئىشەنچ ۋە تەسەلـلى تاپاتتى .

بىـر كۈنى باھاۋۇدۇن باي بىغىدىكى ئۆرۈك چىچەكلىرى ئاستىغا قويۇلغـان نەقىـشلىك كات ئۈستىدە قوش-قـوش دۇخـاۋا تەكىـيلەرگە يۆلىنىـپ ئـارام ئىلىـپ ياتـاتتى. ئىنىـسىنىڭ كەنجى قىـزى ئابىـدەم ئۇنىڭغـا كۆمـۈ پەتمۇسـتا چـاي ئېلىـپ كەلـدى. ئۇنىـڭ ئاياغ تەرىـپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ خىيال سۇرۇپ چاي ئوتلاۋاتقان بايدىن:

- تاغـا، نـېمە ئويلاۋاتىـسەن؟ ئەتىـدىن كەچكىـچە قوشـۇماڭنى تـۈرۈپ خىيـال قىلىدىكەنسەن، ئويلىغانلىرىڭنى بىزگىمۇ دەپ بەرسەڭ بولامدۇ؟- دېدى.

13-14» ياشـلارغا كىـرگەن، ئـۆڭى قولىـدىكى كۆمۈشـتەك سـۈزۈك، قـاش-كـۆزلىرى سىزىپ قويغاندەك چىرايلىق جىيەن قىزىغا قاراپ باھاۋۇدۇن باي ئامراقلىق بىلەن كۈلدى:

- نىمىنى ئويلايتتىم، مىنىڭ ئابىدەم قىزىم نېمانچە چىرايلىقتۇر، خۇدايىم نېمىشقا بەزى ئادەملەرنى چىرايلىق، بەزى ئادەملەرنى سەت يارىتىدىغاندۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن.

- يالغـانچى، تاغـام دېـگەن يالغـانچى!- قىـز نېپىـز لەۋلىرىنـى پـۈرۈپ دومـسايغىنىدەك قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

توختىغىنا قىزىم ئاۋۇ باغۋەن تاغاڭنى چاقىرۋەتە بۇ يەرگە،- دېدى باي. قىـز بىـر قولىـدا

بېشىدىكى دوپپىسىنى تۇتۇپ ئۇششاق چاچ ئۆرۈملىرىنى سىلىكىتىپ ھويلا تەرەپكە يۈگۈردى. ھايال ئۆتمەيلا ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان باغۋەن كېلىپ بايىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قول باغلاپ تۇردى. باي سەل كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى:

--- تۇردىكا، باغ بەك قۇرۇپ كېتىپتۇ، بىر سۇغۇرۇۋەتسەڭ قانداق؟

--- مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم ھاجىم، شۇغىنىسى بىزنىڭ نۆۋىتىمىز تېخى كەلمىدى ئەمەسمۇ. بېرىپ سۇنى ئىچىۋەرگىن، بىر نېمە دېسە، باھاۋۇدۇن ھاجىم شۇنداق دېدى، دە.

باغۋەن ئېڭىشىپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي باغدىكى ئېرىققا شىلدىرلاپ سۇ كەلدى. ئەمما دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بارماي تۇرۇپلا توختاپ قالدى. ئارقىدىنلا قىرى باغۋەنمۇ ھاسىراپ-ھۆمىدەپ يېتىپ كەلدى.

مەن دېمىدىممۇ ھاجىم، ئاۋۇت مىراپ دېگەن زادى يۈزسىز نېمە، تاپقان دادىسىغىمۇ يۈز-خاتىرە قىلمايدۇ ئۇ. سۇنى ئىچىپ بولۇشىمىغا يۇقىرى تەرەپتىن قارا-يامغۇر بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلدى«ئىچىقنى ئەت! ئەت دېدىم ئەت!››دەپ كەتمەننى تەڭلەپ تۇرىدۇ ئۇ مۇناپىق. باھاۋۇدۇنباي ئاچ دېگەن، دېسەم، بۇ سېنىڭ بېيىڭنىڭ سۈيى ئەمەس، خەلقنىڭ سۈيى، باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ نۆۋەتنى بۇزغىلى بولمايدۇ، دەپ ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بايىنىڭ چىرايى ئاستا-ئاستا ئېچىلدى. باغۋەننىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئابىدەم تاغىسىنىڭ ئەتىگەندىن بېرى تۈرۈكلۈك تۇرغان قوشۇمىسىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي بېشىنى چايقىدى، شۇنچە كاتتا باي تۇرۇپ، بىر سوكال مىرابقا سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەي خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا، كۈلۈۋاتىدۇ تېخى، دەپ ئەجەپلەندى.

ئەتىسى جۈمە نامىزىدىن كېيىن باۋۇدۇنباي جامائەت ئالدىدا بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ

ئاۋۇت مىرابنى تەرىپلىدى. ئۇنىڭدى رازى بولغانلىقىن ئېيتىپ:«سۇ يۇرۇتنىڭ، خەلقنىڭ سۈيى. مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئۇنىڭدا ھەممە ئادەمنىڭ ھەققى بار، ئەمما ئۇنى ھەركىم قائىدە بويىچە، ئۆز نۆۋىتىدە ئىلىشى شەرت. قائىدە- يۇسۇن بۇزۇلسا كىشىلەر كۆڭلى پاراكەندىچىلىكتە قالىدۇ، ئەلدىن ئىنساپ كۆتۈرۈلىدۇ. ئىنساپ كۆتۈرۈلگەن ئەلدىن بەخت- سائادەت قاچىدۇ›› دېدى. شۇ سورۇندا ئۆز قولى بىلەن ئاۋۇت مىرابقا تون كىيگۈزدى. بۇ ئىش، بۇ سۆز ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ئېغىزدىن- ئىغىزغا، ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا تارالدى. ئاۋۇت مىرابمۇ ئىككىساقتىكى مەشھۇر ئادەم بوپ قالدى. قەشقەردىن ۋەلىخانباي كەلدى. ئۇ، باھاۋۇدۇنباينىڭ قەشقەردىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىدى. بۇ كارخانىلارنىڭ ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىنىمۇ ئاشۇ ۋەلىخانباي باشقۇراتتى. ئۇ بۇقىتىم خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلمىگەنىدى. ھىندىستاننىڭ شىنجاڭدىكى سودىگەر، جازانىخورلىرى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئەزەلدىن جۇڭگو تەرەپكە باج-سېلىق تاپشۇرمايتتى. يەقەت يېقىنقى يىللاردىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى بىلەن شەكىل ئۈچۈن ئاز-تولا رەسمىيەت بىجى تۆلەيدىغان بولغانىدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى بولسا ھىندىستاندىكى شىنجاڭلىق سودىگەرلەردىن ھەسسىلەپ باج ئېلىپلا قالماي، قەدەمدە بىر ئىشلىرىغا قېيىنچىلىق تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى قاقتى-سوقتى قىلاتتى. يېقىندا يەنە باجنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇن يوللار بىلەن شىنجاڭنىڭ خام ئەشيالىرىنى ھىندىستانغا ئاپىرىپ تۆكمە قىلىپ سېتىپ، مۇسا بايلارنىڭ ۋە باشقا شىنجاڭلىق سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى كاساتلاشتۇرىۋەتكەنىدى. ۋەلىخانباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي بۇ ئىشلاردا ئەزەلدىن دوستانە ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش مەسلىھىتىگە كېلىشتى. ئاپىرىلنىڭ ئاخىردا ۋەلىخانباي تۇرسۇن ئەپەندىنى قەشقەرگە ئېلىپ باردى. چىن باغدا كونسۇل گىللئان ئەپەندى ئۇلارنى دەبدەبىلىك ئەمما قۇرۇق تەكەللۇپ سۆزلەر، ھىندىستاننىڭ خۇش-پۇراقلىق

چېيى بىلەن كۈتىۋالغان ئىدى. سورۇندا كونسۇلخانىدا ھىندىستانلىق مۇسۇلمان ئەمەلدارمۇ بار ئىدى. تۇردۇن ئەپەندى راۋان ئىنگلىز تىلىدا ئۆزىنىڭ مۇسا بايلار ئىگىلىكىنىڭ ۋاستىسى-باۋۇدۇن مۇسا باينىڭ ئالىي ئېھتىرامىنى ۋە ھاۋالىسىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، كونسۇل جانابلىرى بىلەن ھىندىستان ئەمەلدارلىرى ئاغزىنى ئېچىپلا قالغانىدى. ئۇلار ئاددىي-ساددا، سىپايە كۆرۈنىدىغان بۇ سەھرالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىشىنى ئەسلا كۈتمىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ۋە چۈشىنىش بىر قەدەم چوڭقۇرلىشىپ، سۆھبەت دوستانە تۈس ئالدى. ۋەلىخانباينىڭ پاكلىق، قائىدىلىك سۆزلىرى ئالدىدا كونسۇل جانابلىرى ئارتۇقچە بويۇن تولغاشنى راۋا كۆرمىدى. چۈنكى مۇسابايلار بىلەن بولغان كۆپ تەرەپلىمە ھەمكارلىقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىشىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ، ھىندىستانلىقلارمۇ خالىمايتتى. گىللىئان ئەپەندى يۇقىرىدا قويۇلغان ئىشلارنى ئەستايىدىل ئېنىقلاش ۋە تۈزىتىشكە كۈچ چىقارغانلىقنى بىلدۈردى. ھىندىستانلىق مۇسۇلمان خىزمەتكار ئۇلارغا بىر پەتمۇستا قەن-گىزەك ۋە قەھۋە ئېلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ قەھۋە ئىچكەن راۋاقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىگە كۆز تاشلىدى. راۋاقنىڭ تۆۋىنى يول بولۇپ يولدىن ئات مىنگەن ئادەملەر، ھارۋا-مەپىلەر توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى، يولنىڭ نېرىسى كەڭ كەتكەن ياپيېشىل ئېتىزلىقلار، ئۇنىڭ نېرىسى قىزىل دەريا لۆمشۈپ ئاقاتتى. دەريا بويىدا بىرمۇنچە ئاتلار، بەزىلىرى سۇ ئىچىدە، بەزىلىرى قىرغاقتا تۇرۇپ سۇ ئىچىۋاتاتتى. قىپيالىڭاچ ئوغۇل باللار بۇ ئاتلارغا مىنىۋالغان بولۇپ ياۋىداق ئاتلار ئۈستىدە شۇنداق ئەركىن ئولتۇراتتى. ئاتلارنىڭ باش تەرىپىدە سۇ ئىلىنغان تۇلۇم، سۇغلار ئارتىلغان ئىشەكلەر، چېلەككە سۇ ئىلىۋاتقان ئوغۇل باللار ۋە چوڭ ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار بۇ سۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتاتتى. دەريانىڭ قارشى تەرىپى بوياقچىلار مەھەللىسى بولسا كېرەك، ئۆگزىلەرگە يېيىلغان رەختىلەر بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى راۋاق ئاستىدىن تۈگمەنچىلەرنىڭ بۇرغا ئاۋازى، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.... بۇ

تەرەپتە-كونسۇلخانا ئىچىدەئاپئاق ئاقارتىلغان رەت-رەت ئۆيلەر، گۈللۈكلەر، ھۆپپىدەئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەر، توپ مەيدانى خۇددى كەڭ يېيىلغان سۈرەتتەك كۆرۈنەتتى. مەيداندا پۇتپول ئويناۋاتقان ئاق تەنلىك ۋە قوڭۇرتەنلىك كىشىلەر تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇئۇلارنىڭ ھەربىرھەركىتىگە زەن قويۇپ قارىدى. ئۇلارھەممىسى دىگىدەك ئىگىزبوي، قاۋۇل يىگىتلەرئىدى، ماھارىتىمۇخىلى ئۇستۇندەك قىلاتتى.

گىللىيان ئەپەندى تۇرسۇن ئەپەندىگەقاراپ كۈلۈمسىرىدى:

--- بۇئويۇنغا قىزىقىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، ئەپەندى؟

ۋەلىخنىباي ئۇنىڭ ئورنىداجاۋاپ بەردى:

--- كونسۇل جانابلىرى، بۇلارنىڭ يۇرۇتىدىمۇياخشى تەربىيلەنگەن پۇتبول كوماندىسى بار. مۇشۇئەپەندىم ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى. مىنىڭچەئۇ سىزنىڭ ئادەملىرىڭىزبىلەن مۇسابىقىلىشىشنى ئويلاۋاتىدىغۇ دەيمەن.

كونسۇل قىزىقىپ قالدى. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ بۇيەردىكى قانداقتۇردېھقان پۇتپولچىلارتوغرىسىدا. ئىيتقانلىرىنى ئىسگەئىلىپ، بۇنى بۇيۇك برېتانىيە مەدەنىيتىنىڭ ئوتتۇرائاسيادىكى بىر غەلبىسىنى نامايان قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ ئويلىدى.

--- راستىمۇ؟ ناھايىتى ياخشى، بۇقالتىس ياخشى گەپ بولدى. مەن سىلەرنىڭ كوماندائىلار توغرىسىدائىلگىرى ئاڭلىغان. بىزمۇسابىقەئويناي ىلى. ئەمەلىيەتتە قەشقەردە ياۋروپالىقلارنىڭ ئىككى كوماندىسى بار. بىرى ئەنگلىيىنىڭ، يەنەبىرى شىۋىتسىيلىكلەرنىڭ. مىنىڭچەئۇلارمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايدۇ...

شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كىيىن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردەتۇرۇشلۇق ياردەمچى كونسۇلى شىرىف ئەپەندى بىلەن شىۋىتسىيەدىن تارقىتىش ئۇمىكى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئاندىسىن ئەپەندى ئىكساققا كەلدى. ئۇلارئىكساقلىقلارنىڭ يەرلىك توپلىرىنى،

ياڭاقئايلاغ پۈتلىرداتوپ تېپىپ ئويىنىغان مۇسابىقىلىرنى قىزىقىپ كۆردى. ئىككى تەرەپنىڭ مەسلىھەتلىشىپ بىكىتىشى بىلەن مۇسابىقە 20-،21-مايدائۆتكۈزۈلىدىغان بولىدى.

بۇ خەۋەرچاقماق تېزلىكىدە قەشقەر، ئاتۇش دائىرسىگەتارالدى. كۆپ قىسىم كىشىلەرئۈچۈن بۇ بىر كۈتىلمىگەن خەۋەر بولىدى.

--- ئىنگلىزلار دېگەن كىم؟ بىز كىم؟ بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئۇلارنىڭ بىر پەشۋاسىغىمۇ يارىماس.....

--- ئىنگلىز-شۋېتلار بىلەن پۇتبولدا مۇسابىقىلىشىمەن، دېيىش ئۆزىنى بىلمەي شىلىتىش ئاتقانلىق بولماي نېمە!

--- ئېكساق پۇتبۇلچىلىرىمۇ بوش ئەمەس، ئۇلارنىڭ قانداق ئوينىغىنىنى مانا مەن كۆرگەن!

كىشىلەر شۇنداق دېيىشىپ تالاش-تارتىش قىلىشاتتى، ھەتتا ئۇرۇشۇپ-تىللىشىپ، كاللا-قاپاق يېرىشقانلارمۇ بولىدى .

قەشقەردىكى ئۆمەر باي قاتارلىقلار باھاۋۇدۇن بايغا دۇئاسى سالام يوللاپ «دېھقانلارنىڭ ئىگلىز-شۋېتلار بىلەن مۇسابىقىلەشمەكچى بولغىنى ئەخمىقانە ئىش ئەمەسمۇ، ئۇلارنى يىڭىشقۇ مۇمكىن ئەمەس، يىڭىۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويساق، ئىككى ئوتتۇردىكى مۇناسىۋەتكە دەز كەتمەمدۇ، ئالدى بىلەن جانابلىرىنىڭ سودا ئىشىغا دەخلى-تەرۇز يەتمەمدۇ. جانابلىرىنىڭ دەرھال بۇ ئىشنى توسۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز»دېيىشتى. قەشقەر دوتىيى ماشاۋۇرمۇ باھاۋۇدۇن بايغا ئادەم ئەۋەتىپ:« ئەل كۆڭلىگە پاراكەندىچىلىك سالىدىغان، چەتئەل دائىرىلىرى بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋەتكە دەخلىيەتكۈزىدىغان» بۇنداق«مۇسابىقە»دىن خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، باھاۋۇدۇن باينىڭ بۇ ئىشنى ئاقىلانىلىك بىلەن توسۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باھاۋۇدۇن باي بولسا:

» بۇ ئاددىي، دوستانە بۇسابىقە، ئۇنىڭدا باشقىچە مەقسەت، مۇددىئا يوق، يەنە كېلىپ

كونسۇل جانابلىرى ئۆزى خالىغان، ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ بىكىتىپ بولغان ئىش. ئۇنى ئۆز ئالدىمىزغا قالدۇرساق مۇۋاپىق بولماس. پېقىر ھەر قايسىلىرىنىڭ قارشى تەرەپ بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ، قايتا يولىيورۇق بېرىشلىرىنى كۈتىمەن»دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بىر كۈنى شەھەر كاتتىلىرى ھەم چەتئەل كونسۇللىرى داخىل بولغان بىر سورۇندا، ئۆمەر بايلار گەپ ئىچىشقا پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشقاندا، گىلىلېئان ئەپەندى كونسۇلخانىدىكىلەر بىلەن شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ ئىكساقلىق دېھقانلار بىلەن پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى جاكارلاپ قالدى. بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى دومپىس ئەپەندى دەرھال قوللىدى ۋە دوتەي جانابلىرى بىلەن شەھەر چوڭلىرىنىڭمۇ بۇ ئىشنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوتەي ماشاۋۋۇ شۇ يەردىلا:

ياخشى، بۇ بىر رەسمىي مۇسابىقە بولسۇن، بىزنىڭ دېھقانلار كوماندىسىنى «جۇڭگو كوماندىسى» لا دەيلى، لېكىن ئۇلار يېڭىلىپ قالسىمۇ كېرەك يوق، كىم ئۇلارنى يېرىنى تىرىماي توپ ئوينىسۇن دەپتۇ!-دېۋىدى، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كاتتىلار بۇ«خەلقئارالىق پۇتبول مۇسابىقىسى»نى قانداق قىلىپ ياخشى ئۆتكۈزىشنىڭ مەسلىھەتىگە چۈشتى. شۇ سورۇندا ئولتۇرغان ھوشۇر ھاجى سەمەن يولىدىكى بىدىلىكنى توپ مەيدانى قىلىشقا بەردى. يەنە بىر باي ۋاراتار ياسىتىپ بەرمەكچى بولدى. مۇسابىقە توغرىسىدا ئېلانلار چاپلىنىپ، كوچىغا جاكارچىلار چىقىرىلىدىغان بولدى. مۇشۇ سورۇندا ئولتۇرغانلار باشلامچىلىق بىلەن مۇسابىقىنى كۆرۈشكە دەۋەت قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ مۇسابىقە توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار يەسكويغا چۈشۈپ، ھەممە ئادەم مۇسابىقە بولىدىغان كۈنلەرگە ئىنتىزار بولۇشتى، پەقەت ھەمراھ بايلا شەھەردىكى ئۆيىدە ئەتىدىن كەچكىچە كوتۇلداپ يۈرەتتى. يۈرۈتىدىكى «توپا توزىتىپ يۈرگەن تۆت-بەش قەلەندەر»نى تىللىغىنى تىللىغاندى. بىر كۈنى مەرىگۇل چىداپ تۇرالماي ئېغىز ئاچتى:

--- دادا يۈرۈتتىكىلەر ئىنگىلىزلار بىلەن شىۋېتلارنى يىڭىۋالسا سەن خۇشال بولمامسەن؟

يىڭەلمەيدۇ ئۇ خەق!

--- ناۋادا يىڭىۋالسىچۇ...؟

--- دېدىمغۇ يىڭەلمەيدۇ دەپ.

--- راستتىنلا يىڭىۋالسا قانداق قىلىسەن؟

قىزنىڭ جاھىللىقىغا قاراپ ھەمراھاي ئىچىدە«قىز بالا بولسىمۇ مېنى دورىغان دە، ئىسىت، ئوغۇل بالا بولۇپ قالسىچۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى. قىزنىڭ بېشىنى سەل سىڭارىيان قىلىپ، قاپقارا قاشلىرىنى ھىمرىپ تۇرغان تۇرقىغا مەستلىكى كېلىپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى:

--- ناھايىتتى كەلسە ناغرا سۇناي چالدۇرۇپ بىرەرمەن شۇ.

--- ئاران شۇنچىلىكما؟-دېدى قىز ياراتمىغاندەك لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ.

--- ھە بولاپتۇ، ئاۋۇ ئىغىلدىكى ئىرىكنى سويۇپ مېھمان قىلارمەن ئەمسە،- شۇنداق دەۋىتىپ بىردىنلا قىز بالىغا بەك بالدۇر ۋەدە قىلىپ قويغىنىنى سىزىپ دەرھال قاپقىنى تۈرىۋالدى،- قىنى ۋاقتى كەلسۇن، ھازىر كىمنىڭ ئۇتۇشىنى بىر ئاللا بىلىدۇ...

مۇشۇ زېمىن، مۇشۇ تاغلار يارالغاندىن تارتىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان تۇمەن دەرياسى نېمە ئىشلارنى كۆرمىگەن-ھە! ئۇ ئۆز ۋادىسىدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھەممە خۇشاللىق ۋە غەم-قايغۇللىرنى، سېغىز تويلىق يارلىق ئۇستىدىكى بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن تويرەڭ ئۆيلەرنىڭ قايسى بىرى قاچان سىلىنغىنىنى، قىپيالىڭاچ بولىۋېلىپ ئۆز باغرىدا پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ ئويناپدىغان ئوغۇل بالىلارنىڭ قاچان چوڭ بولۇپ ئۆيلىنىپ، قىرىپ تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلگىنىنى؛ نى-نى ھەشەمەتلىك ئوردا-قەسىرلەرنىڭ قاچان بىنا بولۇپ، قاچانلاردا كۆلگە ئايلانغىنىنى بىلىدۇ. ئۇ يەنە شەھەرنى ئەجدىھاردەك ئوراپ تۇرغان

ئېگىز قىلىن سېپىلنىڭ قانچە قېتىم ۋەيران بولۇپ قانچە قېتىم سوقۇلغىنىنى، سېپىلغا تىرىك كۆمۈلگەن ئادەملەرنى كۆرگەن. ئەجدىھارنىڭ ئىغىزىدەك سۇرلۇك دەرۋازىلارغا قاتار ئېسىلغان ئادەم باشلىرىنى كۆرگەن. سېپىل دەرۋازىلىرىدىن توختىماي كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان بايلار ۋە نامراتلارنى، دېھقانلار، ئىشلەمچىلەرنى، سودىگەر، بەگزادىلەرنى، كېيىملىرىگە يىراق يۇرتلارنىڭ توپىسى سىڭگەن سەيياھ-جاھانكەزدىلەرنى ھەم كۆپ كۆرگەن، ئەمما ئۇ بۈگۈنكىدەك ھەممە ئادەمنىڭ شەھەر سىرتىغا قاراپ سۇدەك ئاققىنىنى كۆرمىگەن.

راستتىنلا قەشقەرلىكلەرگە بۈگۈن نېمە بولدى-ھە؟ ئەتىگەندىن تارتىپلا قەشقەر تەۋرەپ كەتكەنىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا تۈپنىڭ، مۇسابىقىنىڭ گېپى. ئاشخانا-ناۋايخانىلار، دۇكانلار تاقالدى. ئادەم بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان كوچىلار چۆلدەرەپ قالدى. شەھەر ئەتراپىدىكى ئۈچما راۋان يارباغ دەرۋازىغىچە، ناچۇق ئۆستەڭ بويلىرىدىن قۇمدەرۋازىغىچە بولغان يوللاردا ئات-ئىشەكلىك، هارۋىلىق پىيادە ئادەملەر مۇسابىقە بولىدىغان سەمەن يولغا قاراپ ئاقماقتا.

مۇسابىقە بولغان بىدىلىكتە كىشىلەر ئاھاڭ چىچىپ بەلگە قىلىنغان «مەيدانىنى چكرىدەپ يىغىلىشقانىدى. مەيدانىنىڭ باش تەرىپىدە ھەمراھ باي ئەكەلدۈرگەن ناغرا-سۇنايچىلار ئەتىگەندىن تارتىپلا توختىماي شوخ ئاھاڭلارنى چېلىپ، كىشىلەرنى جەلپ قىلماقتا، ھاياجانلاندۇرماقتا. مەيدانىنىڭ «تۆر» تەرىپىگە دوتەي، شەھەر چوڭلىرى، چەتئەل كونسۇللىرىنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ۋاقىتلىق ياغاچ ئورۇندۇقلار ياسالغان، ئاددىي پۈقرالار-سەللىك، دوپپىلىق، تۇماقلىق كىشىلەر، ئۇششاق باللار ئالدىقاچان ئالدىنقى ئورۇنلارنى ئىگىلەپ، چاپان-چارا، كىگىزلەرنى سېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بولۇشقانىدى. مەيدانىنىڭ سەل نېرىسىغا ئۇششاق يايمىچىلار، دوغاپچىلار، غالتەكچىلەر، سامسىپەز-مانتىپەز، ئۆپكە ھەسىپچىلار، گازىر-پۇرچاقچى، لەڭپۇڭچىلار جايلىشىپ ئاۋات بازار شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇششاق باللار بىلەن چوڭراق باللار بازار بىلەن مەيدان ئوتتۇرىسىدا

توختىماي چىپىشىپ، ئۇنى-بۇنى سىتىۋېلىپ يېيىشەتتى ياكى قوغلىشىپ ھەرخىل شوخلۇقلارنى قىلاتتى. ئۇلار بۇگۈن خۇددى ھېيت بولغاندەك خۇشال ئىدى.

مەيداننىڭ بىر چېتىدە تۇنۇگۈن ئاتۇشتىن پىيادە مېڭىپ كەلگەن ئىكساقلىق توپچىلار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن بىرەر يۈزدەك ئادەم دائىرە بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. مۇسابىقىگە چۈشىدىغانلارنى باھاۋۇدۇن باي بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى مەكتەپتىكىلەر ۋە دېھقانلار ئارىسىدىن ئىنچىكىلەپ تاللىدى. بۇ جەرياندا قايسىسىنى تاللاپ، قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي خىجالەتچىلىكتىمۇ قالدى. بىز دېگەن ھاشىم بالىخاننىڭ شاگىرتلىرى تۇرساق، مۇنداق مۇسابىقىگە بىز چۈشمەي كىم چۈشىدۇ، دەپ تۇرۇۋالغان ئاپئاق ساقاللىق ئىككى بوۋاينى ئامالسىز زاپاس توپچىلار قاتارىغا قوشۇپمۇ قويۇشتى. ئالدىنقى كۈنى توپچىلار يولغا چىقىدىغان چاغدا ناھاۋۇدۇن باي باشچىلىقىدا يۇرۇت خەلق قومۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇلارنى ئۇزاتتى. پۈتبول دېسە جىنىنى بېرىدىغان بىر توپ ئادەم يولنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي ئۇلارغا ئەگىشىپ قەشقەرگىچە كەلدى. توپچىلار بىر كىچە قونغان خانلىق مەدرىسەدە بۇ سەپ تېخىمۇ زورايدى. شۇ تاپتا مۇشۇ مەيداندا ئولتۇرغان شۇنچىۋالا جامائەتمۇ توپچىلارغا چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئۈمىد ئىچىدە تەلپۈنۈۋاتىدۇ. ئاشپەز-ناۋايلار ئوخشىتىپ ئەتكەن تاماقلىرى، كۆڭۈل قويۇپ ياققان نانلىرى بىلەن ئۇلارنى بىقىۋاتىدۇ. دوغاپچىلار:«يۈرىكىڭلارنى سەگىتىپ، جىنىڭلارنى ياشارتىدىغان دوغاپ بۇ» دېيىشىپ، يوغان چىنىلەردە دوغاپ ئەكېلىپ بېرىشىۋاتىدۇ. ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ تۇرسۇن ئەپەندى ئويلىغانچە ئۆزىنى بىر تاغ يۈدىۋالغاندەك سېزەتتى. بەزىدە ئەندىشىگىمۇ چۈشۈپ قالاتتى. لېكىن تىگى-تەكتىدىن ئالغاندائۇنىڭ يۈرىكى توق، ئىشەنچى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئاشۇ بىر-بىردىن قاۋۇل، چەبدەس يىگىتلەرگە ئىشىنەتتى، ئۇ ئۇلارنىڭ خىلى كۆپىگە قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خەتنى توغرا ھەم چىرايلىق يېزىشنى ئۆگەتكەن. پۈتبول دېگەننىڭ جۇرئىتى بار ئوغۇل بالا ئوينايدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەر-بىرىنى ئاۋۇ

چاقماقتەك چەبدەس كىرەم كىچىكنى، قاراقاش، قاراكۆز، قاڭشارلىق، ئېگىز بوي ئەنۋەرنى، بەستلىك چىرايى قىزىل، سىرىق ساقال ئىبراھىمنى، يوغان-يورپا، قاۋۇل، ئەمما كىچىك بالىدەك ساددا غوپۇرنى، ياۋاش ئەمما پەملىك بىشراخۇننى، مۇسا پالۋاننىڭ ئىنىللىرى پالۋان قامەت تۇرسۇن قارىي بىلەن ئەمەت قارىيلارنى.... بەك چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ھەر-بىرىنىڭ مىجەزىنى، توپنى قانداق تىپىدىغانلىقنى، ئارتۇق-كەم تەرەپلىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى. قارىماققا ياۋاش، جىمىغۇر كۆرۈنىدىغان بىر بالىنىڭ كۈتمىگەندە كارامەت ئىشلارنى قىلىۋېتەلەيدىغانلىقنى بىلەتتى. بىر ئايدىن بۇيانقى جاپالىق مەشىق جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەربىرى خىللا ئورۇقلاپ، چىرايلىرى قارداپ قالغان بولسىمۇ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ۋۇجۇدىدىن پۈتمەس-تۈگمەس كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. مانا ئۇلار شۇ تاپتىمۇ:

ئاقاداشلار توپلىنايلى، جەھلىن ئويىنى بۇزغىلى،

ئەل كۆزىدىن ئالغان قاراڭغۇ پەردىنى يىرتقىلى.

ئىنقىرازدىن خەلقىمىزنى قۇتقۇزغۇچى ئىلىمدۇر،

بىزلەرنىمۇ دەل بۈگۈن ھەم بىلىم ئۆزى قۇتقۇزۇر.

دېگەندەك ناخشىلارنى كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ ئوقۇپ، مەيداننى لەرزىگە سالماقتا ئىدى.

ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە-مەيداننىڭ سىرتىدا ئاق رەڭلىك تەنتەربىيە كىيىمى، پۇتبول ئايىغى كىيگەن ئېگىز بوي، سىرىق چاچ، كۆك كۆز كەلگەن ئىنگلىزلار ۋە ھىندىستانلىقلاردىن تەركىب تاپقان «ئەنگلىيە كوماندىسى» دېكىلەر توپلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىمۇ بىرەر يۈز ئادەم-كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى، شىۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرى ھەم دوختۇرخانا خادىملىرى ۋە تاماشا كۆرگۈچىلەر ئورىۋالغانىدى .

كەينە-كەينىدىن كەلگەن ھەشەمەتلىك مەپىلەردە دوتەي ۋە شەھەر بەگلىرى، قازىكالان، ئۆلىمالار ۋە كاتتا، زەردار بايلا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىلا رۇسچە ۋە

ئىنگلىزچە پەيتۇندا ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرى، خانىملىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مەيدان ئەتراپى سانجاق-سانجاق ئادەملەر بىلەن تولۇپ يىڭنە سىغقۇدەك يەر قالمىغان، ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى، دەرەخ شاخلىرىغىمۇ ئادەملەر چىقىۋالغانىدى. ئىككى كونسۇل خانىملىرى بىلەن دوتەيىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتى. دوتەي ئىككى تەرىپىدىكىلەر بىلەن بىر نەچچە ئېغىز سۆزلىشىپ باش لىڭشىتتى. ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىز بوي، ئاۋاق تىلماچ بىلەن مەيداننىڭ ئوتتۇرغىراق كېلىپ سۆزىنى باشلىدى. بۈگۈنكى قەشقەر تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا خەلقئارالىق مۇسابىقىنىڭ جۇڭگو-ئەنگلىيە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم بەلگە تېشى بوپقېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئىككى تەرەپ توپچىلىرىغا ئامەت تىلىدى. ئارقىدىنلا كونسۇل گېلىلئان ئەپەندى سۆز ئېلىپ ئالاھىدە بىر خىل ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى ئىچىدە، بۈگۈنكى مۇشۇنچە كۆپ، مۇشۇنچە قىزغىن تاماشىبىننى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ پۈتبول يۇرۇتى بولغان ئەنگلىيىلىك ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى، بۈگۈنكى مۇسابىقىدە «ئەنگلىيە كوماندىسى»نىڭ ماھارىتى ھەم جاسارىتىگە، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «جۇڭگو كوماندىسى»توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن تەسىرلىك تەرىپىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارغىمۇ ئامەت تىلىدى. ئاخىردا يۇمۇرلۇق تەلەپپۇزدا: ئەگەر جۇڭگو تەرەپ ئۇتىۋالسا، بىز ئۇلارغا كۆمۈش ئېگەر جاپدۇقلۇق بىر جۈپ ئارغىماق بېرىشكە ۋەدە قىلىمىز. بىز ئۇتىۋالساق جۇڭگوتەرەپ بىزگە نېمە بېرىدىكىن؟ دەپ ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى. چەتئەللىكلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. تۇرسۇن ئەپەندى تىلماچنىڭ تەرجىمە قىلىشىنى ساقلىمايلا، يۇقىرى ئاۋازدا:

بىر بىرگە ئىككىنى بېرىشكە تەييار!-جاۋاب بەردى. تىلماچ كونسۇلنىڭ سۆزنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندا تاماشىبىنلا بارىكاللا ئىيتىشىپ چاۋاك چېلىشىپ كېتىشتى .

بۇسابىقە باشلاندى، ئىككى كوماندا ناغرا-سۇناي، ئالقىش ساداسى ئىچىدە مەيدانغا

كىرىپ كەلدى. بۇ بىر بىرگە تۇيۇتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى كوماندا ئىدى. ئاق كىيىملىك«ئەنگلىيە كوماندىسى» ياردەمچى كونسۇل شىرىف ئەپەندى، كونسۇلخانا دوختۇرى، ئۇزاقتىن بېرى كونسۇلخانىدا تۇرۇۋاتقان مۇخبىر ھەم ساياھەتچى، شاپ بۇرۇت مىچىل ئەپەندى، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ لېيتنانتى گىرگىسىن، ئىككى نەپەر ياش جۇغراپىيە شۇناس ۋە ھىندىستانلىق ئۈچ خادىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن غالىبلىق ھەتتا مەسخىرە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن يىراق جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى سەھرالىقلارنىڭ ئۇلار بىلەن مۇسابىقىگە چۈشمەكچى بولغىنى كۈلكىلىك بىر ئىش ئەمەسمۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى چېنىققان تەنتەربىيە ھەۋەسكارى شىرىف ئەپەندى، بىر مەزگىل لوندۇندىكى پۇتبول كولۇبلىرىدا توپ تەپكەن، پۇتبولغا ئائىت ئوبرۇزلارنى يازغان مىچىل ئەپەندى تاغقا چىقىش ماھىرى گىرگىسىنلار تۇرسا. خەيرىيەت، بۇ مۇسابىقە ئۇلار ئۈچۈن بىر قىتىملىق يەڭگىل كۆڭۈل ئېچىش مۇسابىقىسى بوپ قالغۇسى. ماۋۇ يېرىم ياۋايى ئادەملەر ئۈچۈن بولسا ھەقىقىي مۇسابىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىدىغان بىر پۇرسەت، پۇرسەت بولغاندىمۇ، ھاياتىدا يەنە بىر قېتىم ئېرىشەلمەيدىغان تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت ئېكساق كوماندىسىدىكىلەر. بېشىغا ئاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق ماتا كۆينەك كىيگەن، بەللىرىگە بالۋاغ باغلىغان، پۇتلىرىدىكى مەسە كالاچلىرىنى چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن خىلمۇ-خىل شوينىدا باغلىۋېلىشقان ئىدى. ئەمما دىققەت بىلەن كۆزەتكەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەستايىدىللىقنى، مەقسىتىگە يەتمىگۈچە توختىمايدىغان«ياۋايى كۈچ»ۋە يۈرەكنى جىغىلداتقىدەك قەيسەرلىكنى ھېس قىلالايتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقلىق رېپىرنىڭ پۇشتەك چېلىپ بەلگە بېرىپ بېرىشى بىلەنلا، ساقاللىق ئىنگلىز دوختۇر توپنى قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا قارىتىپ تەپتى. شۇنداق قىلىپ دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىدىن كەلگەنلەر بىلەن«يېرىم ياۋايى»لار ئارىسىدىكى

ئىس ـ تۈتەكسىز كۆرەش باشلىنىپ كەتتى .

مۇسابىقىنىڭ دەسلەپكى پەيتلىرىدە ئىككى تەرەپ كوماندا ئەزالىرىنىڭ روھى دۇنياسى ئاسمان-زېمىن پەرقلىنەتتى .

ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە مەيداندىكى ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى، ئىكساقلىقلار بولسا ھەدىگەندىلا تەمتىرەپ تۇراتتى. ناتونۇش، كۆچلۈك رەقىب، تۈمەنلىگەن تاماشىبىنىنىڭ دېڭىز شاۋقۇنىدەك چۇقان-سۈرەنلىرى ئۆمرىدە بۇنداق كاتتا سورۇننى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ساددا كىشىلەرنىڭ

دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە كاشىلا قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ تەمتىرەپ قىلۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەنگلىيىكلەر چەبدەسلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ھە دېگەندىلا ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى. بۇ ھالەت يەنە بىر پەس داۋاملىشىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ غەلىبە ئاساسىنى قۇرىۋېلىشىدا گەپ يوق ئىدى .

دەل شۇ چاغدا مەيداننىڭ بىر چېتىدىن بورانىدەك غەزەپلىك ئاۋاز ياڭرىدى. ھەممە ئادەم ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراشتى. ئىكساقنىڭ زاپاس كوماندا ئەزالىرى ئارىسىدا ئولتۇرغان ئاپئاق ساقاللىق تەمبەل بىر بوۋاي ساقاللىرىنى تىترىتىپ:«... ئويىنيالمىساڭ چۈشە مەيداندىن! ھەرقايسىڭ تۈپىنى تالاشماي ساماغا چۈشتىڭمۇ مەيدانغا؟!» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇ، ئىكساقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى توپچىلىرىدىن بىرى بولغان نامان ئاكا ئىدى. نامان ئاكىنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ۋە ئاپئاق ساقىلى ئىكساقلىقلارنى سەگىتتى. كىرەم كىچىك ئىچىدە ئىختىيارسىز بوۋايغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ بىردىنلا پۈت قولنىڭ كۈچكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەنگلىيىلىكلەر چەبدەسلىك بىلەن پاسلىشىپ ئىلىپ كېتىۋاتقان تۈپنى بۈركۈتتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۈزۈپ ئالدى....

--- باركاللا! ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ مانا .

--- ئاتاڭغا رەھمەت!- دەپ تىۋىلىشاتتى ئەتراپتىكىلەر. كىرەم توپنى تىختىتىپ مەيدانغا بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن، ھۇجۇمچى ئورنىدا تۇرغان ئەنۋەرنى كۆردى-دە، «ئالە ئەنۋەر» دېگىنىچە توپنى كۈچەپ تەپتى. ئالدىراقچان توپنى كۈتۈپ تۇرغان ئەنۋەر توپنى مەيدىسىگە شۇنداق چىرايلىق ئىلىپ توختىتاتتىكى، ئەنگلىيىكلەرنىڭ چىرايىدىمۇ ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. مەيدان سىرتىدىكىلەر ھاياجاندىن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، گۈلدۈرلىشىپ كەتتى.

ئەنۋەر بۇرۇلۇپ ئەنگلىيە تەرەپنىڭ ۋارتاسىغا قاراپ شامالدەك تېز يۈگۈردى. ئەتراپتىكىلەرنى كەينىگە تاشلاپ، ئالدىغا كەلگەن بىر ئىنگلىز بىلەن ھىندىستانلىقنى ماھىرلىق بىلەن ئالداپ ئۆتۈپ، توپنى ۋارتاغا قارىتىپ كۈچەپ تەپتى. پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ تۇرغان ئەنگلىيە ۋاراتارى توپنى سالماقلىق بىلەن تۇتۇۋالدى. ئەمما بۇ بىر توپ ئېكساق كوماندىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئىلھام بەخش ھۇجۇم سىگنالى بولۇپ قالدى. مۇسابىقە بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق قاملاشقان ھۇجۇممۇ كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ چۇقان كۆتۈرگۈزىۋەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئىلىشىشى پۇتكۇل مەيداننى مىسلىسىز جىددىيلىك ئىچىگە ئىلىپ كىردى. مەيداننىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئېكساق كوماندىسىنىڭ ئىپادىسى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى جىددىيچىلىك ۋە يۈرەكسىزلىكنى يوقىتىپ، بارا-بارا مۇسابىقىگە كىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ «يېرىم ياۋايى» لارنى بوش چاغلاپ قالغانلىقلىرىنى سېزىپ، ئەسلىدىكى ھاكاۋۇرلىقىنى تاشلاپ، توپنى پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن ئويناشقا باشلىغانىدى.

ئېكساقلىقلار كەينى-كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئەنگلىيىلىكلەرنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ كىرەم توپچى بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە

قادالغان خەنجەردەك توختىماي زەربە بېرەتتى، مۇسابىقىنىڭ ئىكساقلىقلارغا پايدىلىق تەرەپكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تاماشىبىنلار بولسا خۇددى بۇ ئالەمدىكى ئاجايىپ كارامەتلىك مۆجىزىنىڭ شاھىتىدەك ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا چۇقان سۈرە سىلىشاتتى.

بۇ ھال ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇمچىسى بولغان لىيتنانت گىرگىسنىنى قاتتىق تىرىكتۇردى. «نېمە ئىش بۇ، ماۋۇ يالىڭاياغلار خۇددى خۇداسىدىن مەدەت ئالغاندەك كۈچىيىپ كېتىپ بارىدىغۇ. مەيلى، ئۇلارغا كىمنىڭ مەدەت بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى يېڭىشىمىز كېرەك. بۇ ياۋايىلارنىڭ بۈيۈك برىتانىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ تەڭداشسىز ئوبرازىغا نۇقسان كەلتۈرۈشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇلار يېرىتقۇچ يولۋاس بولغان تەقدىردىمۇ، قامچا بىلەن باش ئەگدۈرۈش كېرەك!»دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئويلىغانسېرى غەزەپلىنىشكە، ئەسەبىيلىشىشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئەنگلىيە تەرەپنىڭ چەكلەنگەن رايونغا قاراپ توپنى ماھىرلىق بىلەن ئېلىپ كېتىپ بارغان بىشىراخۇنغا قاراپ ئېتىلغان قوڭۇر تەنلىك بىر بىكتوپقا قاراپمۇ قويماي، بىشىراخۇننىڭ ھوشۇقىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى. ئۇنداق يولسىز ھۇجۇمغا تەييارلىقسىز تۇرغان بىشىراخۇن ئاغرىققا چىدىماي يەردە يۇمىلاپ كەتتى .

--- ياخشى! دەپ ۋارقىرىدى لىيتنانت،- ئۇلارنى مۇشۇنداق قوپاللىق قىلىپ قويۇش كېرەك .

--- نېمە قىلىق بۇ، شۇنداقمۇ نامەرتلىك قىلغان بارمۇ؟!

--- چىدىغانغا چىقارغان! چىدىماسلار ئوينىمىسۇن!

نارازىلىق سادالىرى مەيداننى بىر ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىن تەكلىپ قىلىنغان رېپىر دەرھال پۈشتەك چېلىپ مۇسابىقىنى توختاتتى ۋە بىنگاللىق بېكىنى ئاغزاكى ئاگاھلاندۇردى توپنى ئىكساق كوماندىسىغا ئىختىيارى باشلاتقۇزدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئىكساقلىقلار كەينى-كەينىدىن يېقىلغىلى تۇردى. تۇرسۇن

ئەپەندى ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى سېزىپ، ئەزالىرىنى ھوشيار بولۇشقا چاقىرىدى. ئىكساقلىقلارنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ غەزەپ ئۇچقۇنى چاچىرماقتا ئىدى.

ئەنگلىيە كوماندىسى ھۇجۇم قىلىپ، توپنى ئېكساق تەرەپنىڭ چەكلەنگەن رايونى ئەتراپىغا ئىلىپ كەلدى. ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كەلگەن مىچىل ئەپەندى توپنى ئىلىشىغا، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ«ئىلتىپاتى»دىن تولا بەھرىمەن بولۇپ، ئىچى قايناپ تۇرغان ئەمەت قارى يۈگۈرۈپ بېرىپ مىچىل ئەپەندىنى دولىسى بىلەن كېلىشتۈرۈپ ئۈستى .

ئېگىز بوي مىچىل ئەپەندى دەرەختەك ئۆرۈلۈپ، يەردە نەچچە يۇمىلاپ كەتتى. رېپىر دەرھال پۇشتەك چېلىپ ئەنگلىيە كوماندىسىنى ئىختىيارى توپ باشلاتقۇزدى. ئىكساقلىقلار بۇنىڭغا نارازى بولدى، تۇشمۇ-تۇشتىن رېپىرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بۇنى قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەت ئەمەس، دەپ تالاشتى.

ئەنگلىيىلىكلەر بولسا توپنى تېز سۈرئەتتە باشلاپ، قارشى تەرەپنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ۋاراتاغا قارىتىپ توپنى تەپتى. پۈتۈن دىققىتىنى مەيداننىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى تالاش-تارتىشقا قارىتىپ تۇرغان ۋاراتار مۇھەممەت توپنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. مەيداندىكى تاماشىبىنلار بۇ تۇيۇقسىز ئەھۋالدىن ھودۇقۇپ، ئۈن چىقارماي ھاڭۋېقىپ قىلىشتى. رېپىر بولسا ئىككىلەنمەي، كىرگەن توپنىڭ ئىناۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئوتتۇرا مەيداندىن توپ باشلاشنى ئۇقتۇردى.

گىللىئان ئەپەندى بىلەن خانىمى باشچىلىقىدىكى كونسۇلخانا خادىملىرى، شىۋېتسىيىلىكلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلىشتى. تاماشىبىنلار بوراندەك گۇركىرەپ ۋارقىراشتى:

--- ناھەق بولدى، ناھەق!

--- ھۇ نامەردلەر، خوتۇن كىشىدىن ئۇشۇق نىمىلەرىكەن بۇ!

--- يالغانلىقىمىز چىنىپ قالمىسۇن، دەپ قويمۇۋالغان ساقاللىرىغا قاراڭلار، خالايىق!

بۇنچە كۆپ كىشى ئەزەلدىن بۇگۈنكىدەك بىر نىيەت-بىر مەقسەت ئۈچۈن جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشىپ چۇقان سېلىپ باقمىغان، مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ سەكرەشمىگەنىدى. شۇتاپتا مەيدان ئىچى بىلەن سىرتى بىرلىشىپ كەتكەنىدى. تاماشىبىنلارنىڭ يۈركى ئۆز توپچىلىرىنىڭ يۈركى بىلەن تەڭ سوقاتتى. ھېس تۇيغۇلىرى ئۇلار بىلەن تەڭ ئۆركەشلەپ، دىڭىزدەك داۋالغۇيتتى.

سوۋېت ئىتىپاقلىق رىپىر سائەتكە قارىدى-دە، ئىكساق كوماندىسىدىكىلەر ئوتتۇرا مەيداندىن توپنى باشلىشى بىلەنلا پۇشتەك چېلىپ يېرىم مەيدان مۇسابىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۇقتۇردى. تېزلىكتە يېرىپ توپنى قولىغا ئېلىپ، تۇرسۇن ئەپەندىگە ئەتراپتىكى چوقان-سۈرەن سېلىپ تۇرغان تاماشىبىنلارنى ۋە غەزەپلىك چىرايلارنى كۆرستىپ بىر نېمىلەرنى دەپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

ئەنگىلىيىلىكلەر مەيدان سىرتىغا سايىۋەن بىكىتىپ ئالاھىدە راسلانغان ئورۇنلارغا بېرىپ ئارام ئېلىشتى. شىۋېت دوختۇرلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشاتتى، كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئىچىملىك ئەكېلىپ بېرىپ، ھارغىنلىقىنى تۈگىتىشكە تىرشاتتى.

ئىكساقلىقلار بولسا تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا مەيدان ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق بولۇپ ئولتۇرىشتى.

--- ھەممىمىز ماۋۇ خەلقنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، - دېدى تۇرسۇن ئەپەندى،- ئۇلار بىزنىڭ ئارقا تىرىكىمىز، كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبەسى. ئاشۇ ئەزىز خەلقىمىزنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولۇش بىز ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. ئەگەر بۈگۈن بىزگە ئەجەل كەلگەن تەقدىردىمۇ، مۇشۇ مەيداندا رەقىبلىرىمىزنى يىڭىپ، يۈرۈت خەلقىنىڭ تەنتەنىسى ئىچىدە ئۆلىمىز. قورقۇنچاقلىق قىلىشقا، چېكىنىشكە قەتئىي يول يوق. رەقىبىمىزنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇلاردىنمۇ كۈچلۈك بولىشىمىز كېرەك.

دەل شۇ چاغدا ئالىمان ئىچىدە ئادەم توپىنى يېرىپ كوماندا ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ، مۇسابىقىنىڭ دەسلەپىدە ۋارقىراپ ئىكساقلىق توپچىلارنىڭ دىققىتىنى يىغقان، ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان نامان توپچى ئىدى. ئۇ، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

--- بالىلىرىم، پالۋانلىرىم، مەن سىلەردىن رازى بولدۇم، خەلقىمىز سىلەردىن رازى بولدى. سىلەر جىنىڭلارنى تىكىپ قويۇپ ئوينىدىڭلار، ئاۋۇ ھاكاۋۇر پەرەڭلەرنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدۇڭلار، ئۇلۇغ ئاللا پۈت قولۇڭلارغا يەنىمۇكۈچ-قۇۋەت بەرگەي، سىلەرگە يېڭىلمەس نۇسرەت ئاتا قىلغاي، خەلقنىڭ ئالقىش رەھمىتىدىن كۆكلەپ كەتكەيسىلەر ئىلاھىم، ئامىن!- دەپ دۇئا قىلدى. ھاياجان ياشلىرى بوۋاينىڭ ئۇزۇن، ئاق ساقاللىرىغا ئېقىپ چۈشتى.

بۇ چاغدا كوماندا ئەزالىرىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئوتتەك يېنىپ، تومۇرلىرىدىكى قانلار ئۇركەشلەپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار ئەتراپقا قاراپ، بىردىنلىككە يىغىلغان تونەنلىگەن خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە تىككەن ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى كۆردى. بۇ كۆزلەر ئىچىدە يەتتە ياشلىق بالىلارنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىمۇ، 70 ياشلىق بوۋايلارنىڭ نۇرى قاچقان كۆزلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ كۆزلەردىكى ئۈمىد ئۇچقۇنىنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە بولمايتتى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ئۈمىدلىرىنى جان تىكىپ ئاقلىماي بولمايتتى.

رېپىر مەيدانغا كىرىپ پۈشتەك چالدى. ھەل قىلغۇچ جەڭ باشلاندى.

ئىكساقلقلار خۇددى باشقىچىلا ئادەملەرگە ئۆزگىرەپ قالغاندەك ئىدى. ئۇلار ھېچنىمىدىن قورۇقمايتتى، نىشانغا قاراپ شىردەك ئېتىلاتتى. ھەرىكەتلىرى شۇ قەدەر چاققان، چىرايلىق ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيە تەرەپ ۋاراتاسىغا توختىماي ھۇجۇم قىلاتتى. ھۇجۇملار خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بىر-بىرىدىن شىددەتلىك، بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كېلەتتى. ئەمدى ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەر تەمتىرەپ قىلىشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆز مەيدانىدا توپلىشىپ مۇداپىيەدىلا تۇراتتى، تېپەتتى، پۈتلايتتى، ئالدىغا ئۆتكەننى تارتىپ يىقىتاتتى.

ئەمما ئىكساقلقلار يىقىلسا دەرھال قوپاتتى-دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئالغا يۈگرەيتتى، ئىتىلاتتى، يەنە يىقىلسا يەنە تۇراتتى، يەنە يۈگرەيتتى، يىقىلغان يەردىن قۇۋەت ئالغاندەك تېخىمۇ قەيسەر بولۇپ تۇراتتى. ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چىرايىدا كۆرەڭلىكتىن ئەسەر قالمىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ھەيرانلىق، قورقۇش ھەتتا ئاز-تولا قايىللىق ئىگىلىدى .

تۇرسۇن ئەپەندى پەخىردىدىن بەرگەن پاسنى ئالدى دە، تىز سۈرئەت بىلەن قارشى تەرەپ كوماندىسىنىڭ چەكلەنگەن رايونىغا ئىلىپ كىردى. ھىندىستانلىق ۋاراتار تۇرسۇن ئەپەندىنى نىشان قىلىپ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقتى. قارشى تەرەپنىڭ مەقسىتىنى پەملىگەن تۇرسۇن ئەپەندى ئۆزنى يانغا ئىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى. ۋاراتار ئۆزىنى تۇتالماي، ئۆزىگە ئوخشاش مەقسەت بىلەن تۇرسۇن ئەپەندىگە قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن سەپدىشى بىلەن قاتتىق سوقۇلۇشتى ۋە ئىككىلىسى ھۆركىرەشكىنىچە يەردە يۇمىلاپ كېتىشتى. بۇنى كۆرگەن تۇرسۇن ئەپەندى پۇتىدىكى توپنى ۋاراتارغا تەپمەستىن، يان سىزىقتىن تېپىپ چىقىرۋەتتى-دە، دەرھال بېرىپ ۋاراتارنى يۆلىدى. بۇ ئالىيجاناب ھەرىكەت پۈتكۈل مەيداننى لەرزىگە سىلىۋەتتى. ھەتتا كونسۇل گىلللىئان ئەپەندى بىلەن خانىمىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تۇرسۇن ئەپەندىگە قاراپ كۈچەپ چاۋاك چالدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ كونسۇلخانا خادىملىرى ۋە ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ زاپاس ئەزالىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئۇنتىغان ھالدا چاۋاك چىلىشىپ كەتتى. كونسۇلخانىنىڭ داۋالاش خادىملىرى دەرھال مەيدانغا يۈگۈرۈپ كىرىشتى. بۇ كىچىككىنە ئۈزىلىش داۋمىدا گىلللىئان ئەپەندى مەيداننىڭ چېتىگە كېلىپ ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەرگە:« بۇ مۇسابىقىدە بەلكىم ئۇتتۇرشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئىناۋەتنى ئۇتتۇرۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇتتۇپ قالماڭلاركى، ھازىر سىلەر بۇيۈك بىر برىتانىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تۇرۋاتىسىلەر. بېرىڭلار، ئۇلارغا ھەقىقىي ئەنگلىيە مۆتىۋەرلىرىنىڭ پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، پەرۋەردىگار سىلەرگە يار بولغاي»دېدى.

ئادەم ئالماشتۇرۇلۇپ، كەسكىن جەڭ باشلاندى. ئەمما بۇ قېتىم مەيداندىكى كەيپىيات

تۈپتىن ئۆزگەرگەنىدى. ياپيېشىل بىدىلىكتە 22ئەزىمەت باراۋەر ئورۇندا، كەمىستىش ۋە كەمسىتىلىشتىن خالى ھالدا غەلىبە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتاتتى. مانا بۇ ھەققى مۇسابىقە ئىدى.

ئېكساق كوماندىسىدىكىلەر توپنى ھۇجۇم سېپىدە تۇرغان ئەنۋەرگە پاس بېرىشتى. ئەنۋەر توپنى ئەپچىللىك بىلەن كونترول قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئالدىنى توسقان ھۇجۇمچىلاردىن ئۇيان-بۇيان ئەگىپ، ناھايىتتى چاققان ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ھەرقانچە قوغلاپمۇ ئەنۋەرگە يېتىشەلمىدى. ئۇ توپنى ئېلىپ ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ چەكلەنگەن رايونىغا كىرىپلا ئوڭ بۇرجەككە قارىتىپ شۇنداق كۈچ بىلەن تەپتىكى ۋاراتار توپنى توسۇپ بولغۇچە توپ كىرىپ كەتتى. ناغرا-سۇناي ساداسى، قىقاس سۈرەن قاپلىغان مەيدان داۋالغۇپ كەتتى. كىشىلەر ئۆزىنى ئۇنتىغان ھالدا تەنتەنە قىلىشتى. رېپىر توپنى ئېلىپ ئوتتۇرا مەيداننى كۆرسەتتى، ئىككى تەرەپنىڭ نەتىجىسى بىردە بىر بولۇپ، تەڭشىلىپ قالغانىدى .

مۇسابىقىنىڭ ئاخىردا، ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى ھەممىسى دىگىدەك ئۆز مەيدانىغا قايتىپ قەيسەرلىك بىلەن مۇداپىيەدە تۇرغاچقا، مۇسابىقە تىركىشىش باسقۇچىغا كىرىپ قالغانىدى. ۋاقىت مىنۇت سىكۇنتلاپ ئۆتمەكتە، رېپىر توختىماي سائەتكە قارايتتى، تاماشىبىنلارنىڭ چىرايىدىن تاقەتسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مۇسابىقە ۋاقتىنىڭ توشۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكمۇ يوقىلىشقا باشلىغانىدى.

توپ ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ پۇتىدا بولۇپ، ئۇلار ئاخىرقى بىر نەچچە مىنۇت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋىتىش ئۈچۈن ئۆز مەيدانىدا پاس بېرىشىپ يۈرمەكتە ئىدى. تۇيۇقسىز توپنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپقالغان كېرەم مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن توپنى لىتنانىت گىرگىسىنىڭ پۇتىدىن تارتىپ ئالدى-دە، ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ۋاراتارسىغا يۈگۈرۈپ

كەتتى. ئۇ شۇنداق تېز يۈگۈردىكى، كۆرۈپ تۇرغان ھەممە ئادەم ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالدى. گىرگىسىن بولسا، ھازىرلا پۈتىدا تۇرغان توپىنىڭ قانداق قىلىپ بۇ مۇشتۇمدەك بالىنىڭ پۇتىغا ئۆتۈپ قالغىنىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. كىرەم ئاجايىپ چاققانلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن قات-قات توساقلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ۋاراتارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ۋاراتار ئۆزىنى كىرەمنىڭ پۇتىدىكى توپقا ئاتتى. كىرەم بولسا سېھىرگەرلەردەك بىر ھەرىكەت بىلەن توپنى ۋاراتارنىڭ ئالدىدىن ئىلىپ كەتتى دە، قۇرۇق ۋاراتارغا قارىتىپ جىنىنىڭ بارىچە تەپتى، توپ كىردى.

نەتىجىدە ئىككىدە بىر بولدى. مەيدان قايناپ تاشقىنلىققا چۆمگەن، كىشىلەر سەكرىشىۋاتقان، ۋارقىرىشىۋاتقان، تونۇشمىسۇن، تونۇشمىسۇن مەھكەم قۇچاقلىشىپ يىغلىشىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە، كونسۇل خانىمىنىڭ چىداپ ئولتۇرالماي پەيتۇنغا چۈشۈپ ئۆزى يالغۇز كېتىپ قالغىنىنى كىشىلەر كۆمەي قالدى. رىپىرنىڭ پۈشتەك چېلىپ مۇسابىقە ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقىنىمۇ ھېچكىم سەزمىدى. تاماشىبىنلار مەيدانغا سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان توپچىلىرىنى قاتمۇ-قات ئورىۋالدى. ھەممە ئادەم ئۇلارغا ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزىنى ئېيتىۋېلىشنى ياكى بىرەرسىنىڭ چاپىنىنىڭ پەشىنى بولسىمۇ تۇتۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. كىشىلەر توپىنىڭ سىرتىدا ھەمراھ بايمۇ ھاسىراپ ھۆمۈدەپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. قىپقىزىل يۈزىدىكى تەرلىرىنى يوختىماي سۈرتكەچ كىشىلەر توپىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتمەكچى بولاتتى. سانجاق-سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەن ئادەملەر يول بەرمىگەندە بولسا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، بويىنىنى سوزۇپ ئىكساقلىق يۇرۇتداشلىرىنى ياكى ئۆزى دائىم تىللاپ، قارغاپ يۈرىدىغان كىرەم كىچىكنى، يا كىرەم توپچىنى كۆرىۋالماقچى، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ يوغان ئەركەك قوينى سۆيۈپ مېھمان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى بولاتتى....

ئادەملەر توپ پىچاق بىلەن كەسكەندەك ئىككىگە ئايرىلىپ، يول ئېچىلدى. دوتەي

باشلىقى ئەمەلدارلار ۋە يۇرۇت چوڭلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى قاتارلىقلار تويچىلار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ھەممىسىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن، خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىقتىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دومېپىس ئەپەندى«ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاھانگىرلىك ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى»نى تەبرىكلەپ ئىككى پۇتبول توپى تەقدىم قىلدى. توپلار ناھايىتتى چىڭ، يېپيېڭى، پارقىراپ تۇراتتى، خۇددى كىرەم بىلەن ئەنۋەرلەرنىڭ ئارزۇسىدەك ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى، يەنى 21-مايدا ئىككى ئېكساق پۇتبول كوماندىسى شىۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار، دوختۇرخانا خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن پۇتبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى يەتتىدە بىر نەتىجە بىلەن يەڭدى. مۇسابىقىدىن كېيىن مىڭلىغان خەلق ئىكساقلىق پۇتبولچىلارنى دولىسىدا كۆتۈرۈپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ، خانلىق مەدرىسىگىچە ئاپىرىپ قويدى .

توپچىلار ئەتىسىلا ئىكساققا قايتتى. باھاۋۇدۇن باي بىلەن يۇرۇت خەلقى ئۇلارنى چوڭ يولغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئىكساقلىقلار قەھرىمان توپچىلىرىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ بەردى. تويلار تويلارغا ئۇلىشىپ كەتتى. شۇ تويلارنىڭ بىرى كىرەم توپچى بىلەن مەريگۈلنىڭ ئىدى .

ئادەملەر دېگەن قىزىق بولىدۇ، نامرات تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى كاتتا باينىڭ يالغۇز قىزىنى ئەمرىگە ئىلىپ، باينىڭ ئەتىۋارلىق كۈيئوغلى بوپقالغاندا ھېچكىم كىرەمنىڭ توپنى نەقەدەر ياخشى ئويناپدىغانلىقىنى تىلغا ئالمىدى. بەلكى كىرەم كىچىكىنىڭ ئانىسىغا نەقەدەر كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى، كىچىك ۋاقىتلىرىدا چوڭ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى كۆپ ئالغىنىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ ياخشىلىق ۋە دۇئالارنىڭ خاسىيىتىدە كۆكلەپ، بوگۈنكى كۈنگە ئېرىشكىنىنى سۆزلەپ يۈرۈشتى .

ئىيۇل كىرىپ تاغ يوللىرى ئىسسىغاندا باھاۋۇدۇنباي غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقىپتى. ئېكساق خەلقى ئۇنى يىغا- زارى بىلەن ئۇزاتتى. باھاۋۇدۇنباي غۇلجىغا بېرىپ، بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1928-يىلى ۋاپات بولدى .

يىللار توختىماي ئۆتىۋەردى. جاھاندا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى.. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى لوندۇندىكى «ئاركوس» شىركىتىنىڭ جاسوسلۇق دېلوسى تۈپەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكتىن قەشقەردىكى ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرى بىر سورۇندا ئولتۇرمايدىغان بولدى .

بۇ يىللاردا شىنجاڭدا ئۈچ قېتىم ھاكىمىيەت ئالماشتى. ئۆلكە ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، جۇدۇن -چاپقۇن ئۇزۇلمىدى.

1937-يىلى تۇرسۇن ئەپەندى شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئىكساقتىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى. كىچىكلەر چوڭايدى، چوڭلار قېرىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ‹‹ ھۆسەيىنىيە ›› نىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرى كەينى-كەينىدىن تۇتۇلدى. قىرىپ- چېپىلدى. ئەمما ‹‹ ھۆسەيىنىيە ›› تاقىلىپ قالمىدى، ئىكساقلىقلارنىڭ پۇتبولغا بولغان ئىشتىياقىمۇ ئۆچمىدى.

1954-يىلى ئىكساقتا تۇنجى پۇتبول جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

مەنبە: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»2006-يىللىق 3-سان

ئۈستۈن ئاتۇش مائارىپ توربېتىدىن ئېلىندى.

ئېلكىتابقا ئايلاندۇرغۇچى : سەھرا ئوغلى (sahraboy@gmail)